نۇر مۇھەممەت ئېركى

# بۇلبۇل ۋە باھار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

2

نۇرمەھەممەت ئېركى

# بۇلبۇل ۋە باھار

(شېئىرلار توپلىمى)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھاجى

# بۇلبۇل ۋە باھار

*

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 م.م. 1/32، باسما تاۋاق: 5·3 75
1982 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: 10264.20
سانى: 1—5.000
باھاسى: 0.28 يۈەن

# نەشرىياتتىن

نۇرمەھەممەت ئېركى ـ مول ئىجتىمائى بىلىمگە ئىگە پىشقەدەم
شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى.
ئۇ 1927 ـ يىلى قەشقەر شەھرىدە بىر زىيالى ئائىلىسىـ
دە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى
1944 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى»نىڭ باسما زاۋۇدىدا نابۇرچىك
بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا باشلىنىپ، تۇنجى قېتىم "ۋە-
تەن شەنىگە" دىگەن شېرى بىلەن مەتبۇئات سەھنىسىدە كۆرۈنـ
گەن. 1946 ـ يىلدىن باشلاپ "ئېركى" تەخەللۇسى بىلەن ئۆز
ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ، شۇ يىللاردا «قاينام ئۇركىشى
غەزىلىگە مۇخەممەس»، «يۈزسىز يىللارغا»، «قۇلاق»، «يا-
شاش ئۈچۈن كورەش»، «ئاك» قاتارلىق شېرلىرى ئارقىلىق
خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئۈندىگەن.
شائىر ئازاتلىقتىن كېيىن يۈكسەك جەڭگىۋار ئىدىيە، يۇقۇرى
بەدىئىلىككە ئىگە كوپلىگەن شېرلارنى يېزىپ، پارتىيـ
نى، خەلقنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىستىك مېھنەتنى
قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. قەھرىمانلىق، مەرتلىك، ئۆزئارا
ھەمكارلىق قاتارلىق ئالى جاناپ خىسلەتلەرنى كۈيلەيدۇ.
شائىر قەشقەردە ئەينى ۋاقىتتا نەزەر باغ ئوتتۇرا مەكتىـ
ۋىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، بىلىمنى كوپرەك جەمىيەت

ۋە كىتاپتىن ئالغانلار جۇملىسىگە كىرىدۇ. ئۇ، ئۇزلۇ-گىدىن تىرىشىپ ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، پارس شائىرى ئۇمەر ھەييامنىڭ رۇبائىلىرى بىلەن «تىببى يۇسۇپى» دىگەن كىتاپنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلغان.

شائىر ئۇزۇن يىل "سول" لۇشەننىڭ زىيانكەشلىگىگە ئۇچرى-غىنىغا ھازىر بولسا، ياشىنىپ قالغانلىغىغا قارىماي، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


بالىلار توغرىسىدا........................ 1
قاينام ئۇركىشى غەزىلىگە مۇخەممەس.................. 3
يېقىن دوستۇمغا........................... 5
ۋاخ — ئېقىن سۇ........................... 6
ئاڭ.................................. 7
ياشاش ئۈچۈن كۈرەش........................ 9
ئالتۇن چاغ............................. 11
ئىككى يۈزلۈككە.......................... 13
دۇنيادا نىمە شىرىن....................... 14
يۈزسىز يىللارغا......................... 16
بالامغا ۋەسىيەت I ....................... 20
تونۇ................................... 21
بىر يارغا مۇھەببەت ئىپادىسى..................... 22
زىيائى غەزىلىگە مۇخەممەس.................. 23
گۇمىنكە ئىقتىدا.......................... 27
سەن ئۈچۈن............................ 29
سويىمەن سىينى.......................... 31
يۈرەك سىرى............................ 33
چاشقان پول يەپتۇ......................... 35
توي قىلساق............................ 38
ئىل ئۇركەشلىدى......................... 40

جان ۋەتەن ........................ 43
تەسرات ........................ 45
ۋەتىنىڭنى سوي كەتمىنىڭ بىلەن ........................ 49
بالامغا ۋەسىيەت II ........................ 50
شائىر بىلەن بۇلبۇلنىڭ ئۇچرىششى ........................ 54
ئەلۋىدا كىتاپ ........................ 57
مۇھەببەت، مەن ۋە ئەل ........................ 59
شىرىن سوھبەت ........................ 61
داغدا مەن ........................ 62
كوڭلۇم سەندىدۇر ........................ 65
گەپ ۋە دۇشمەن ........................ 67
يېتىپ كەلدىم ........................ 68
ۋەتەنگە سوزۇم ........................ 70
ئىلىم ........................ 74
گۇل بېغىڭغا شەيدامەن ........................ 75
خەير - خوش 30 يىللىق بۇرادەر ........................ 77
بولسۇن يېزام زامانىۋى ........................ 80
بىلىم دەركار ........................ 84
قەشقىرىم ........................ 88
بىرلىك ئۇچۇن ئايرىم ئىشلەش ........................ 93
بىر قىسىم "توي" توغرىسىدا ........................ 95
ئۇزۇن سەپەرنىڭ يونۇلۇشى ........................ 100
ئۇزۇن سەپەر كارۋانلىرى ........................ 103
قەشقەر شەھىرىگە قاراپ ........................ 107

خەلق ياشىسۇن........................ 110
بۇغداي ھەققىدە........................ 112
بۇلبۇل........................ 113
كونا دوستنى تېپىش........................ 115
مىللەتلەر يەنە ئىتتىپاق بولسا........................ 117
قەشقەرنى ماختايمىز يەنە........................ 119
پەن دەيمەن يەنە........................ 121
كەڭ سىياسەت........................ 123
بۇگۈنكى بازار........................ 125
شائىرنى بىر دوراي يەنە........................ 127
"قاپىيە" رادىيىگە غەزەل........................ 128
تىرىلغۇ ۋاقتى........................ 129
بىزنىڭ دۇيجاڭ........................ 130
دولان........................ 131
قىرنىم كەلمەيدۇ........................ 133
شاھ مۆھ........................ 135
كادىرغا مۇراجەت........................ 136
ياشلىق ۋە شېرىيەت........................ 141
يار ۋە دوست توغرىسىدا........................ 143
ئىتتىپاق ئەلاسى ئۇ........................ 146
ئىنسان كىم؟........................ 149
ئەگەر قىز بىز دىگەن قىز بولسا........................ 151
ھەسەتخور توغرىسىدا........................ 153
روبائىلار........................ 157
ئەي قەلەم!........................ 163

## بالىلار توغرىسىدا

ئادەم — بىر پىلەك، سويىمچاقلىرى بالىلار،
ۋە يا بىر كوچەت، نوتا چاقلىرى بالىلار،
هايات ياكى گۈل، غۇنچە چاقلىرى بالىلار،
دىل خوشلۇغى، نازى، كوز قاراقلىرى بالىلار،
كىشىنىڭ گۈزەل غۇنچە، گۈلچاقلىرى بالىلار،
مەرۋايىت، ياقۇت، ئۈنچە - مۇنچاقلىرى بالىلار،

قانۇن شۇنداق هەر شەيئى ئۇرۇق ساقلايدۇ،
ئوز ئىزىنى ئوچۇرمەسكە هامان ئويلايدۇ،
تېخى ئوزى پىشماستىنلا ئۇرۇقلايدۇ،
گۈل توزىسىمۇ، يەنە غۇنچىسى گۈللەيدۇ.
كىشىنىڭ گۈزەل غۇنچە، گۈلچاقلىرى بالىلار،
مەرۋايىت، ياقۇت، ئۈنچە - مۇنچاقلىرى بالىلار،

بالىنىڭ بىر يېشى — راست پاقلان قوزىچاق،
تىم - تىم ماڭىدۇ بۇ چاغدا، ئۇ شوخ بوتۇلاق...
ئالتە ياشچىدا سەكرەيدۇ بولۇپ تايچاق،
شۇ يوسۇن ئوسىدۇ پۇررىدا بالىچاق...

كىشىنىڭ گۈزەل غۇنچە، گۈلچاقلىرى باللار،
مەرۋايىت، ياقۇت، ئۈنچە ـ مۇنچاقلىرى باللار.

ئاسراڭ شۇڭا، كوز نۇرىدەك نارىسىدە،
بىزلەرگە بۇ ھەم بىر خىل كاتتا ۋەزىپە...
باغلاپ ئىركىمۇ كىچىك دوستلارغا ئەقىدە،
يازدى بىغىشلاپ بۇ شېئىر ـ لەتىپە.
كىشىنىڭ گۈزەل غۇنچە، گۈلچاقلىرى باللار،
مەرۋايىت، ياقۇت، ئۈنچە ـ مۇنچاقلىرى باللار.

1944 ـ يىل ئاپرېل، قەشقەر

## قاينام ئۇركىشى غەزىلىگە مۇخەممەس

تاياندىم ئۆزۈمگە، دورىمسامۇ دىدەكلەرنى،
چالىمەن ماسلاپ ئەرك دەۋرى مۇقامىغا غىجەكلەرنى،
كورۇپ ئۆتتۈمغۇ قانچە ئەجىپ كاتتا كورەكلەرنى،
تىگرىقمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالى تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەكلەرنى!

چېلىشىمەن كامالغا يېتىشكە، قالماسقا چالا...
تەبى ساپ بۇ روھنى ھېچكىم قىلالمايدۇ ئالا...
قىلىمساڭمۇ ئاۋارە بولۇپ دوستلار سالا،
خىيالىم خۇددى تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبى بالا،
ئېمىش ئۈچۈن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى.

يۇيىمەن قۇدرىتىمچە ئاقارتىپ چەل يۇققان ئاياغنى،
گۈلزار ئەيلەشكە ئۈمىت بار تاكى يانار تاغنى...
دىل نەزىرىن يىراققا تىكىپ چاغلايمەن كېلەر چاغنى،
مەرت باغۋەن غازاڭ قىلمايدۇ ۋاقتىسىز باغنى،
تەربىيىسىز سولدۇرۇپ گۈل - چېچەكلەرنى.

قاراپ كۈلىمەن ئۈتمۈشتىكى تانسۇق داستانلارغا،
خىيال سۈرىمەن تېخى ئالدىمدىكى دەۋرانلارغا...
زەۋقىم كېلىپ قارشىمدا ئويناپ تۇرغان جانانلارغا،

## يېقىن دوستۇمغا

چىرايلىق مەيلى دوستۇم، بەلكى سەن ھىندۇ، ئەرەپ بولما،
پەقەت ئاق بولسا قەلبىڭ، ئوكسىمە ـ روھى ئەجەپ بولما...

دىلى خوپ بولمىغانىنىڭ ھەر نىچۇك خوپ رەڭگىگە لەنەت،
قۇرۇق سۈرەتكىلا مەجنۇن بولۇپ ئەقلىڭنى يەپ بولما.

كوتەرمەسلەر ئىلىڭ باشىدا، يوقتۇر سەندە بىر ساپ دىل،
"سىپىت سەن، خوجىسەن، ھەرگىزمۇ مەغرۇرى نەسەپ بولما".

سىنىڭدە ھەم ئىلىڭ ئورپىچە، تاز ـ ماز دەپ لەقەب بولسۇن،
جاھاندا ئەڭ قەبىھ سوز شۇكى ـــ ساتقىن دەپ لەقەب بولما.

ۋەتەن، مىللەتكە كورسەت ئەۋۋەلىن ـ ئاخىر سەممىيەت،
تىلە ئىنسانغا ئاسايىشنى، ھەرگىز شۇم تەلەب بولما.

يىگىتلىك بەلگىسىدۇر كارغا كەلمەكلىك ئىغىر پەيتتە...
بىراق ئادەتتە ئوز سايەڭگە باقما: دەرغەزەپ بولما.

قاچان شائىر ئىكەنسەن، سوزلىگىن شائىر سۈپەت ئىركى،
قۇرۇق سوز سوزلىمە، ئەخمەقلىشىپ بىمەنى گەپ بولما.

1945 - يىل ئىيۇل، قەشقەر

لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بىقىپ ئاسمانلارغا،
تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرىمەن روشەن بۇرجەكلەرنى.

تىلەك مەتلىبى بار كوڭۈل نىمىشقىمۇ ئويلانماس؟
خىيالەت سىرىدىن بىخەۋەر ئاگاھ دىل ئاتانماس!
تالىپ بولمىسا مەتلۇپ ئۆز ئىشتىۋارىغا قانماس،
جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نىچۈك تولغانماس؟
ئاشىقى كۈتۈپ تۇرسا ئىچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى.

بوتا ئىچرە سىلىپ بىلگەن كەبى مىس بىلەن زەرنى،
مەشۇغى سىنار ئاتەش ئىچىدە چىن ئاشىق ئەرنى،
كۆرمىسەمەن سېغىنىپ ھەر دەم ئول جانان دىلبەرنى،
نىمىشقا يازماي تىلەك ئارىلاش مۇڭلۇق لىرىكلارنى؟!
سويگۈ ئىشقى ئۆرتەپ كويدۇرسە يۈرەكلەرنى.

تېتىپ ئۆتكەچمۇ "ئىشق ئويۇنى"نى ئىخ!...زىل ئىكەن دىدىم،
كاشكى تىلەك تېز يار بولسىمۇ قايىنماسمىدىم؟
تەككەن ماڭا ياق، بۇ بىر ئۇلۇش جەڭ مىساقتىن قەدىم،
ئەزەلدىنلا خىيالچان، مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم،
تىڭشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چوچەكلەرنى.

قانائەت تاپماس ھىس، تىلەك بارەسىدەگە پۈرىسام،
نىچۈك تاپسۇن مۇرات چوغىنى يۈرەك ئىچىدە يوشۇرسام!؟
نۇرمەھەممەت دەر: تىلسىم - سىر تۇمۇرىدا يۈگۈرسام،
سويگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلۇغىغا مەن "قايىنام" تۇرسام...
ئۇسسىزلىغىم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كولچەكلەرنى!

1945 - يىل ماي، قەشقەر.

# ئاڭ

ئەزىلى باش تەختىگە "ئاڭ"دۇر پادىشا،
ساقلانىغاي تەن مۈلكى ئۇ بىلەن ئامان.
يەتكۈزەر ئاگمۇ هەم كۈلپەتلەرنى گاھ،
بۇ بىلەن ئاتانماس بىراق ئۇ، يامان.

پاراخوت، سامالىيوت... قايسىنى دىمە،
پالانىنىڭ ئىشىمەس، ئاڭ نىڭكى ئىشى.
ئىنسان ئۇ ئاڭ بىلەن قىممەت بىر نىمە،
ئاڭسىز ۋە كۆرەشسىز كېسەكتۇر كىشى.

ئاجايىپ ئاڭ ئۇچۇن پەلەكلەر بېخىل،
دەرت – ئەلەم قىلىشتا غارايىپ سېخى...
ئاڭ بىلەن تاڭ تامان سەن ئۇقتەك ئېتىل!
ئەلەملەر بېشىڭدىن بىتمىدى تېخى...

بىلىمەن ئەي جاھان ئاغزىڭغا چىقار،
دەھشەتتە. كۈلپەتتە پەقەتلا ئاڭلىق.
بىلىسەن ئاڭ سېنىڭ ياقاڭدىن سىقار،
پاڭ بىلەن زاڭ ئىرۇر سېنىڭدە داڭلىق.

## ۋاخ — ئېقىن سۇ

ۋاخ — ئېقىن سۇ، باشقىغا ئوخشاتمىغىل،
ئۇ كېتەر ھېچ ئارتقا باقماستىن سىجىل...

سەن قاراپ تۇرغان بىلەن ھەم ئى ھايات!
كارى يوق مەيلى قىردىل، مەيلى تىردىل...

بىر مىنۇتىڭ بىرلە قىل مىڭ يىلغا ئىش،
شۇندا قالماسلار پەقەت ئارماندا دىل.

1946 - يىل يانۋار، قەشقەر.

## ياشاش ئۈچۈن كۈرەش

قۇللۇق چولىدە ياتما سولۇپ، گۈللەش ئۈچۈن كۈرەش!
سەن توغرا بىر ياشاش يولىنى ئۇشلاش ئۈچۈن كۈرەش!
دۇنيادا كىم ياشاپتۇ گۈزەل، ئوخشاش ئۈچۈن كۈرەش!
ئومرۈڭ بويى دەقىقە كۈلۈپ يايراش ئۈچۈن كۈرەش!

سەن ئەسلى ياخشى بۇلبۇل ئىدىڭ، ئەمما قەپەزدىسەن،
سەكرەپ يۈرۈپ نىجاتلىق ئۈچۈن باتۇر ھەۋەستىسەن،
ئاغزىڭ بوغۇق تۇرۇپمۇ بۇ كۈن مەردانە سەستە① سەن،
ئۈرگىن ئۆزەڭ، قەپەزنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەش!

باق، توردىكى بېلىقا نىچۈك، ھالى نىجات ئەمەس؟
كوردى غازاتتا بىزنى جاھان: غالىپكى، مات ئەمەس؛
تەگسىز ھاياتنى بىلمە ھايات، ئۇ، چىن ھايات ئەمەس...
بىر كەڭ - كۈشادە ياشاش زامان باشلاش ئۈچۈن كۈرەش!

كەڭ باشقىغا جاھان ئەجىبا! بىزلەرگە تار ئىكەن،
يەپ بەرگىنى ئەزىز ئەجىبا! نان تاپسا خار ئىكەن...
شۇنداق سارالڭ قىلىقنى بۇزۇش كوڭلۈگدە بار ئىكەن.
شۇ جەڭگىۋار تىلەككە بېلىڭ باغلاش ئۈچۈن كۈرەش!

---

① سەس — ئاۋاز

ئاڭ كېرەك، ئاڭ بىلەن ھەل بولۇر تىلەك،
ئاڭ بىلەن ھەسەل يە، يا زەھەر ئاشا!
ئاڭ ئىكەن دۇنيادا ياشاشقا تىرەك،
ئاڭ بىلەن ئۆلۈپ كەت، ئاڭ بىلەن ياشا!

1946 - يىل فېۋرال، قەشقەر.

# ئالتۇن چاغ

تىگەر يۇرەككە قىزلار كوكسىدەك،
باھارنىڭ ئەنە يۇمشاق سالقىنى.
ئاستا - ئاستىلاپ ئىسسىتماقتا يەر،
چاخچاق قىلغاندەك قۇياش يالقىنى.

گۇلدەك ياسنار ئەتە ياز يىگىت،
كىيىپ بەستىگە لىباس، كوك - يېشىل،
قاقاقلاپ كۇلەر چىچەك چوكانلار،
پەداز قىلىشىپ چېھرىگە قىزىل.

يارنىڭ بېلىدەك نازۇك تولغىنىپ،
جىلۋىلەر قىلار كوكتات - سەبزىلەر.
تەننى جۇغىدا بىر جىزىلدىتىپ،
دىللارغا بىرەر ئەجەپ نەشئەلەر...

ھاۋا بەك سۆزۇك، كوڭۇللەر ئۇچقۇق...
مەنزىرە شۇنداق چىرايلىق — گۈزەل.
بىكار ئولتۇرۇش مانا ئەمدى يوق،
باشلاندى ھەممە جايلاردا ئەمەل...

مارت شامالىرى سىلىق يورغۇلاپ،
يۈزنى قىچىغلاپ، سىپاپ ئوتىدۇ.

كوردۇڭ جاھاندا قايسى نىمە قىلمايدىكەن چىلىش؟!
قالدى دىمەك چىلىش كۈچىدىن، گويا ئۆلۈپ قىلىش...
لازىم ئىكەن سىنىڭغا يورۇق، زۇلمەت بىلەن ئىلىش!
ئۇ، تاك قىزى سويۇملۇگۇڭ قارا قاش ئۈچۈن كۆرەش!

چەكمەي جاپا، ئەلەمنى، گۈزەل قامەتنى كوزلىمە،
پاق - پاق ئىغىز بىلەن نىجات سائەتنى كوزلىمە.
...چاپ! چاپكى تاڭ سىرى، بوشاش، ئاپەتنى كوزلىمە،
ئىركى ھايات يولىدا پىدا بىر ياش ئۈچۈن كۆرەش!

1946 - يىل مارت، قەشقەر.

## ئىككى يۈزلۈككە

مىسقال تۇتۇپ، جىگلاپ ھاۋا
سەن بولما ئىككى يۈز...
بىرنى دىسەڭ زاكون مۇشۇ،
بىردىن كوگۈلنى ئۈز.

1946 - يىل ئاپرىل، قەشقەر.

"كەلدۇق" دېگەندەك سۇلار شاقىراپە
ئالەم ئەھلىدىن ئەمگەك كۈتىدۇ...

ئالايلى قىنى قولغا چوڭ كەتمەن!
بىزنىڭ موللامەت يېزا يىگىتى...
قىلايلى تورلۇق بىلەكلەر مېھنەت!
بىزەلسۇن ئېتىز - يېزىمىز بېتى...

يەر كوكسىنى تىل، چاقان ھەيدە قوش!
تۇپراقنى تومۇر، بىر گەزگىچە قاز...
ئەجەپ خۇش ياقار قۇلاققا ئۇش - ئۇش...
غەنىمەت ساگا ئىشلە ئەتىياز.

ئالتۇن چاغدا سەن، ئىشلە. تەر ئېقىت!
قىزارسۇن گۇللەپ، ئاناردەك يۇزۇڭ...
يانسۇن پاقىراپ ئەي دېخان يىگىت،
ساپ ھاۋا بىلەن يۇلتۇزدەك كوزۇڭ.

1946 - يىل مارت، قەشقەر.

يۇرمە يەنە شىرىن دەپ، ھەرگىز كوزى خۇمارنى.
يار تۇت ساڭا ئەڭ شىرىن ھۆرلۈك كەبى دىلدارنى،
ئېركىنلىكنى تىلەپ خەلقىم پۈتتۈم مۇشۇ ئەشئارنى.
بۇ يولدا ئىچەي كەلسە ھەتتاكى زەھەر شىرىن.

1946 - يىل ئاپرېل، قەشقەر.

## دۇنيادا نىمە شىرىن؟

جاندىنمۇ ئەدىپلەرگە بىر ياخشى ئەسەر شىرىن،
دىخانغا تالاي پۇلدىن، بىر ئازغىنا يەر شىرىن،
بايلارغا غىرىپتىن ھەم، ئالەم ئارا زەر شىرىن،
ئېيتار سورىسام بىرسى: قەن بىرلە شېكەر شىرىن.

ھېچ تاتلىق ئەمەس مەنچە، دۇنيادىكى تاتلىقلار،
مىۋەگدە ئۈزۈم، ئەنجۈر... گوشلەردە قاناتلىقلار...
ھالبۇكى تۈگەپ باشتىن، خارلىق ۋە ئۇياتلىقلار،
ئەل تۇرمۇشى تۇرمۇشتەك بولماسكى ئەگەر شىرىن.

كوڭلۈڭگە تامام سوزلەر "ئىشق" سوزى كەبى ياقماس.
ئىشقىكى ھەقىقى ئىشق، بىگانىگە كوز باقماس؛
بىرنەرسىگە يوق ئىشقىڭ، دۇنيادا ئىشىڭ ئاقماس...
ئەل سويگۈسىدىن بىر ئوت باغرىمدا كويەر شىرىن.

شىرىن ساڭا ئەي خەلقىم! كىمكى سەن ئۈچۈن ئويسە،
ئەيلەي "چۈچۈلە" تاشلاپ ئەتمە، سەن ئۈچۈن كويسە...
سوي بەلكى يۈرەكتىن سەن، كىم قەلبى بىلەن سويسە،
ھېچ سويمە لىۋىڭ چىشلەپ، سويگەندە قەمەر شىرىن.

يادىمدا قاپلاردا بوغنۇققان جانلار،
يادىمدا ياغ چىچىپ ئۆرتىگەنلىرىنىڭ!
يادىمدا قان پۈراپ تۇرغان زامانلار...
يادىمدا ئىشپىيون ئەپرىمەنلىرىنىڭ!

يادىمدا شائىرىم «ئوركىشى» يىگىت،
يادىمدا توغرالغان تەنلەر جادۇدا...
يادىمدا يىگىتنىڭ ئۆلۈكلەرنى ئىت!
يادىمدا ئاققان خۇن ئۇشبۇ ۋادىدا...

ئالدىراپ توغرىغا «ئوغرى» قويما ئات،
ھەي يىللار باسقۇنچى، ئۆزۈڭلا ئوغرى...
كەسپىڭدۇر ئوغرىلىق، ئالەمدىن ئۇيات!
پەقەتلام تىلدىكى سوزۇڭلا توغرى.

قېنى ئۇ، يۇرتۇمنىڭ كۈمۈش، ئالتۇنى؟
كىملەرگە سۈڭگۈتلاپ يىدۇدىڭ پارا؟
قېنى ئۇ، «قۇمۇل»نىڭ زەپەر يالقۇنى؟
بەختىمنى ئۆزگەدەك ئەيلىدىڭ قارا...

قېنى ئۇ، كوپ يىللىق گۈزەل چاغلىرىم؟
نەقىلدىڭ سەتەمكار؟ قالدىم زىللەتتە...
قارىسام خاراپزا ئىسست باغلىرىم...
ساقلىدىڭ شۇ چاققا تۇتقۇن ئىللەتتە...

ئىسمە ئۇ، ئەيلىگەن ئاتايىڭ نىمە؟
چىتىپسەن پۈتۈڭغا، زادى ھەي قىرال(؟)

## يۈزسىز يىللارغا

شائىرلىق سەن بەرگەن "دەسمى"دۇر ماڭا،
بۇ بىلەن قازانمىش پايدام بەلكى جىق...
يىغلايسەن، ئېيتمىسام شېئىرلار ساڭا،
ئەمما بۇ رىسقىڭنى ئال، ژىنىڭغا تىق!

ھەي يىللار، ھەي يىللار! مىكرىڭ بەك تولا،
ئەسلىسەم ئىگرىغاي يۈرەك تارىسى...
ھەجايىپ، ئالدىمدا يۈزلىرىڭ "پولۇ"
ئىچكەنسەن خىلىلا قىلىن دورىسى.

كۆتەتتىم ئۈمىتلەر، چىقتىڭ سەن قەللاپ!
سىزدىم مەن ھەممىگە شەكلىڭ بىر سىزىق.
ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن سەندىن ھەي كاززاپ!
يادىمدا قىلمىشىڭ تارىخىي تىزىق:

يادىمدا قانلىق كۈن، يادىمدا تېخى...
يادىمدا قاپقارا زەي زىندانلىرىڭ!
يادىمدا شىڭ شىسەي، ئۈجىگشىن كەبى،
ئادەمخور قان ئىچەر "پەھلىۋان"لىرىڭ!

تىلەكتىن... تاڭ يورۇپ بىر كۈن... نۇر يېتەر،
قۇردۇق بىز ئازاتلىق ھاياتقا ئاساس...

كۈتمەن ئەي "يېڭى" سېنى دىلىمدىن،
ئۈمىدىم غۇنچىسىن كۆلدۈرگىن قاھ ـ قاھ...
مەدھىڭگە گوھەرلەر چاچاي تىلىمدىن،
"ئېركىنلىك" دىن قەدەھ تۇت، تەشنادۇرمەن ئاھ!

1947 - يىل يانۋار، قەشقەر.

يۇقتۇردۇڭ بەلكى سەن قوۋرۇق چېھرىمە،—
ئەيلىدىڭ گۈلزارىم تىكەنلى جاڭگال.

دىسلەر ئەسىرگە يىگىرمە جاھان،
قىلمساڭ بىزلەرگە سەن ئونىنچى ئەسىر..
قانداقمۇ قىلارمىز ئىككى ناتاۋان(؟)
بولمىسا شۇ چاقتا تۈزۈك چالما قەسىر..

ئادالەت ئالدىدا ئاسى سەن بۇدەم،
شەرىپىم - شانىمغا بولدۇڭسەن زامىن!
ياشناتماي يا مېنى، يا ئۆزۈڭنى ھەم،
چاپلاشتىڭ "بەركە تاپ!"، ئىلاھا ئامىن!

كاشكى چۈشمىسەم ئانامدىن تىرىك!
ساڭا ئەي رودىپاي! يولۇقماسمىدىم...
چىرمىغان شۇم پۇتۇڭ بولغاچقا يىرىك...
دۇنياغا كەلمەكلىك — جىنايەت دىدىم.

ھەي يىللار ئارقاڭدىن باسقان ھەر قەدەم —
ئويلىسام "لەھەت" كە بولغىنىم راۋان...
سولىشىپ كۈنمۇ - كۈن، ھەسرەت ۋاي ئەلەم!
ئۆشبۇ گۈل يۈزلىرىم بولماقتا خازان...

× × ×

بەس يېتەر مۇڭلۇرۇم... سەن بىلەن كېتەر...
كەلگۈسى ياش يىللار ساڭا ئوخشىماس!

## تونۇ

شەكلىدىن ياخشى - يامان دەپ بەلگى ھايۋاننى تونۇ،
ئىچكى دۇنياسى بىلەن ئادەمنى، شەيتاننى تونۇ.

تونۇماق تەس، ئەلخۇسۇس ئادەم ئەجەپ بىر تىلسىمات...
قايتا - قايتا ئىمتىھان قىل، تاكى ئىنساننى تونۇ.

دەۋرى بىرلە دەۋرى قىلماقتىن ئۇگاي ئىش بەلگى يوق...
جەڭ كۈنى مەيداندا تەھقىق پەھلىۋان جاننى تونۇ.

بىر كىبلەر قەدرىگە يەت، ئەلۋەتتە ياشلىق دەۋرىنىڭ!
دەۋرى سۈر دەۋرىگدە سەن، كەلگەندە دەۋراننى تونۇ.

1947 - يىل ئاپرېل، قەشقەر.

## بالامغا ۋەسىيەت I

بىر هۈنەر ئۈگەن بالام! ئالەمدە خار بولماي دىسەڭ،
دوست ۋە دۈشمەن ئالدىدا ئاش - نانغا زار بولماي دىسەڭ.

تۇرمۇشۇڭنى ئوز قولۇڭنىڭ كۈچىدىن قامداۋچى بول!
خۇمسالارغا باش ئۇرۇپ بى ئېتىۋار بولماي دىسەڭ.

سەن ئەگەر قىلساڭ هۈنەر، هەر بىر ئىشىڭدىن گۈل ئۈنەر،
بى هۈنەر بول هەر قاچاندا بەختىيار بولماي دىسەڭ.

ياش چېغىڭ — قايماق چېغىڭ. ئۈگەت قولۇڭنى كەسپىگە،
قېرىسام، هەر كىم قولىغا ئىنتىزار بولماي دىسەڭ.

بىر هۈنەرلىك سەن ئۈزەڭ، سويگەي پۈتۈڭنى پۇل كېلىپ،
بەلكى مۈمكىن. پۇلغا ئاشىق بى قارار بولماي دىسەڭ.

يازغا، قىشقا، بارغا، يوقغا... بەس كېلەلمەس بى هۈنەر،
بول هۈنەرۋەن، بىر بوراندا تار - مار بولماي دىسەڭ.

جەمىيەتنىڭ رۇنىقىغە هەسسە قوش، بىر "ئىش" بىلەن،
ئېركى سەن دائىم قۇرۇقلا گەپ ساتار بولماي دىسەڭ

1947 - يىلى، 4 - ئاي

## زىيائى غەزەلىگە مۇخەممەس

ئەلنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئادەم، تىرىك يۈرسىمۇ، گويا ئۇ، ئۆلۈك.
نەپسىدىن باشقا ئىشنى بىلمەسلىك — ھايۋانات ئۈچۈن مەخسۇس بىر سۈلۈك①.

ئىنسانلىق پەرقى ئۆزگە مەخلۇقتىن — ئىنسان كۆڭلىدە بولماق كۆيۈمچىلىك.
يۇرت ۋە ئەل ئۈچۈن تارتقان ئەلەمنى، شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.
خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ — مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

× ×

ئاكتىپ سەن ئۆزۈڭ: "ۋەتەن سۆيىمەن، پۈتۈن يۈرەكتىن ھامان" دېيىشتە،
ئۆلچەپ كۆردۈڭمۇ، شۇنداق سۆيگۈدىن ئەلگە باغلىدىڭ قانچىلىك رىشتە؟
سۆيگىنىڭ بۇرچى — سۆيگەن نەرسىگە نىمە كېرەككەن، تەقدىم ئېتىشتە.
جاھان شۇ جاھان كەلگەنلەر كېتەر، گەپ بىر ياخشى ئىز قويۇپ كېتىشتە.

---

① سۈلۈك — يول، مەزھەپ.

## بىر يارغا مۇھەببەت ئىپادىسى

تا بولۇپ كەلمەكتە ئۆمرۈم يازۇ - قىشلەرگە پىدا،
بىر گۈزەل ھىجرىدە جان قىيناپ بېرىشلەرگە پىدا.

بىر تويالماي ھوررىيەتتەك يارىنىڭ ھوسنىگە ۋاي...
بولدى باغرىم دائىما زەرداپلىنىشلەرگە پىدا.

ئاڭلىدىم بىتتى دىگەننى دەۋرى ئىستىبدات ھامان،
ئەكس ئېتەر بىزدە زۇلۇمدىن دەرت چېكىشلەرگە پىدا.

كەل قېنى ئەي ماھرو ئەي خەلقچىللىق قايداسەن؟
كوز - قاراقلار تەلمۇرۇپ، بولدى سىزىشلەرگە پىدا.

خويمۇ بىر دىلبەر ئىدىڭ، غايەڭ چوڭقۇر، ئەمما سېنى،
پارازىتلار قىلدى بىزدە، پۇل تېپىشلەرگە پىدا.

ئىشىنەرمەن، بىر كۈنى جامالىڭدىن نىقاپ،
ئەيلىسەڭ ئۈزنى قۇياشتەك نۇر چېچىشلەرگە پىدا.

1948 يىل فېۋرال، قەشقەر.

قوينى تاشلىماس، بەلكىم ئىلىشار... خىرىس قىلىسمۇ بورى چوپانغا.
تاينىپ ياشار تۈلكە خوش - خوشقا، ھەقىقى ئادەم ئالى ۋىجدانغا...
غايىلىك شەخسكە دۈشمەن كوپ بولۇر، ئۇنداق دۈشمەننى كومگىن توزاڭغا.
شەخسى دۈشمەنلىك يىگىتلىك ئەمەس، يۇرت، ئەل دۈشمىنىن دۈشمەن بىلگۈلۈك.

× ×

ھايات يولىدا تۈز يول يوق ئىكەن، تۈز يول ئىچىشقا بىلەك تۈرگىن سەن.
قەھرىمانلىغىڭ شۇندا بىلىنۇر، تېيىلغاق يولدا ئىتىڭ سۇرگىن سەن.
ئەل، ۋەتەن ئۇچۇن بەخت بېغىنى، قۇرۇش ئىستەكىكە دادىل يۈرگىن سەن.
ئۇتۇق ئالماققا چىدامىلىق شەرتتۇر، قىيىنچىلىققا چىداپ كورگىن سەن.
تاماگەر بولۇپ تىرىك تۇرغۇنچە، قانائەت قىلىپ ئاچتىن ئۇلگۈلۈك.

× ×

"قانائەت" دىسە لايىدەك ئىزىلىپ، تىرىك تۇرۇپلا بولمىغىن مامات.
دۇنيا ئويغاندى! ئۇخلاپ خارلىقتا، ئەل ۋە يۇرت ئۇچۇن كەلتۇرمە ئۇيات.
"قانائەت" دىسە، باشقا كەلگەنگە رازى بولساڭ سەن، ئىزلىمەي نىجات.

ياخشى ئىز نىمە؟ ئەل ئۈچۈن خىزمەت، ئەمەس ياخشى ئىز —
مال بىلەن مۈلۈك.

× ×

بۇغداي ۋە گۈرۈچ بەردى چىقىرىپ، ئىنسان بولۇشقا بۇ تۇپ-
راق ساگا.
تەنگە جان قانداق، شۇنداق ساگا ئەل، ۋەتەن ھاياتى ھاياتىڭ
شۇگا.
يۇرت ۋە ئەل بەردى بىلىم ۋە ئەقىل، تىرىكچىلىك، بەخت
سەن بىلەن ماگا
ئەلنىڭ ھاياتى ئەگەر تىلەركەن — جاننى شاتلىنىپ بەرگۈلۈك
ئاگا.
تىرىشىپ قاتتىق چەكسە ھەم مېھنەت، تارىخ چەرخىنى ئالغا
سۈرگۈلۈك.

× ×

پەلەك كاجلىغى، يۈزسىزلۈگىدىن... بىر بوراندىلا كەتمىگىن
سولۇپ،
بىخەستە بولما دۈشمەندىن ھەرگىز، غورۇرۇڭ ئۈچۈن يولسىز
يول قويۇپ...
ھەر بىر پۈتلاشتىن ئۈرلەپ مىسكى ھەسسە، شىجائەت بىلەن
غەيرەتكە تولۇپ.
زامان ئەگەرچە نامەرت زاماندۇر، دەۋران سۈرگىن سەن مەرت
يىگىت بولۇپ.
ھايات — كۈرەشتىن ئىبارەت ئىرۇر، توسقۇننى كۈرەش بىلەن
يەڭگۈلۈك.

× ×

ئەگەر چىقسىمۇ ھايۋان ئاسمانغا، تەسلىم بولمايدۇ ئادەم
ھايۋانغا.

## ئۆمىتكە ئىقتىدا

(1949 - يىلغا ئۆتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن)

دەۋران ئۆتەر ... ئۆتۈشكە ۋاقىت مۇپتىلا تۇرار،
كەلدى نىمە جاھانغا دىمە: دائىما تۇرار ...
ئەي خەستەدىل! ئەگەرچە بۈگۈن باغرىڭ يارا تۇرار،
قالماس يارا ۋە نى يارىلار بىۋاپا تۇرار!؟

دەۋران ئۆتەر ... بۇدۇركى: كۈننىڭ يېڭىلانمىغى،
ياق، راستى شۇكى، ياش نىمىنىڭ قېرىلانمىغى،...
"ئەتە" — دىمەك، كىشىگە ھايات نېرىلانمىغى،
ئاخشام ئىدىم بالا بۈگۈن بىر جۈپ بالا تۇرار.

دەۋران ئۆتەر ... ئۆتۈش دىمەك، ھەر كىمگە باشقىچە،
ئۇ يېڭى، يېڭىلانغۇچىغا، ھەر قانچە ياشقىچە ...
بىزگە يېڭى بۈگۈن كورۈك، بىر كۈندىن ئاشقىچە،
كەتتۈق قېرىپ، كوڭۈلدە ئۆلۈغ مۇددىئا تۇرار.

دەۋران ئۆتەر ... ئۆتۈپ بارىمەن دىلدا داغ تولا،
دەردىمنى ئېيتسام ئاڭلىماس، ئەمما قولاق تولا؛
باغرىمنى ئەزدى قالاقلىق ئەجەپمۇ چاغ تولا ...
كوڭلۇم بۇ ئۆز يۇرتۇمدا مۇساپىر، گادا تۇرار.

بۇمۇ ھەم يەنە يىگىتلىك ئەمەس،
ئىشلەپ لوقمە يەپ، يۈرگـ
سەيى، غەيرەتكە تايىنىپ تۇرۇپ،
سەن ئازا
مۇرات غۇنچىسىن ۋاقتىـ
ئۈزگۈلۈك

× ×

ناھەققە چىداپ، ئىچىڭگە تىنىپ،
تىترەپلا ياشاش — يول ئەمەس
جانى راست دىمەي،
تۈزۈك
راسنى جا دىمەي ھەرنە كورگۈلۈك كەلـ
قانغا قان تىكىپ،
كورگۈلۈك
جانغا جان تىكىپ "ئېركى" زۇلمەتنى قەتئى
تۈلكىلىك قىلىپ
بوسكۈلۈك
ھايات سۈرگۈنچە. شىـرانە سولەت بىلەن
ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئى
ئۇسكۈلۈك
"زىيا" يىغلىسا يىغلاپ، كۈلسە
كۈلگۈلۈك.

1948 - يىل ئاۋغۇست. قەشقەر.

## سەن ئۈچۈن

(مۇۋەششەھ)

ئال تەسەددۇق بەلكى مىڭ جان، ئى گۈزەل يار سەن ئۈچۈن،
مەن ئۈچۈن ھەرگىز ئەمەستۇر، مەندىكى بار سەن ئۈچۈن.

زادى ئىشقىڭ لەشكىرىگە چۈشتى بۇ جانىم ئەسىر...
ئۇلجا قىلساڭ بار يوقۇمنى بولمىغاي ئار سەن ئۈچۈن.

ئالمىدىم دەردىڭنى تىلغا، چۈنكى مىننەت خۇمسىلىق...
مەن ئەمەسمەن زادى مىننەتلىك ۋاپادار سەن ئۈچۈن.

دەرتلىرىڭ دەرياسىدا ئۈسكەن بىلىقدۇر مەن ئۆزەم،
دەرتتىن ئايرىلسام بولۇر كارىممۇ دىشۋار سەن ئۈچۈن.

لەۋلىرىڭ يادىدا چەككەن رەنجۇ - كۈلپەت شەۋكىتىم ...
ھەم شەرەپ بىلسەم ئىبزەي باغرىمنى گۈلنار سەن ئۈچۈن.

دەۋران ئۆتەر ... ئۆتەرمۇ شۇخـــل، ئەي گۈزەل ۋەتەن؟
كۈن "ئەتە" نى كۈتۈپ ۋە بولۇپ ئارزۇغا بەنت؟
بولدۇق ئاۋام غېمىدە قان يۇتماقتا زوقمەن،
ئەيلەپ بۇنى قاچاندا پەسەنت دىلرابا تۇرار؟

دەۋران ئۆتەر ... ئۈمىت بۈيۈككى خاراپلىق كېتەر،
خەلــق زادىدۇر ئۇلۇغ، ئۇلۇغقا ئۇلۇغلۇق يېتەر ...
بولغاندا ھەس ئۇلۇغ بولۇشقا، بۇ — خارلىق بىتەر...
تاڭ قالما، "ئۆزگىرىش" ئىشى — دەرتكە داۋا تۇرار.

دەۋران ئۆتەر ... ئۈنىڭغا مېنىڭ كالامىم مانا:
"ئۆتمە قۇرۇق بۇ بارە ..." مېنىڭ سالامىم مانا!
ئۆتتەك يانار يۈرەككە مېنىڭ ئارامىم مانا:
تۇرماقچىمەن بۇ ئەلدە، ۋە ياكى جاپا تۇرار...

دەۋران ئۆتەر ... ئۈنىڭغا دىدىم كوپ ئۈمىت سوزى،
قات - قات ئەلەملىرىڭمۇ قىلالماس ئۈمىتسىز ئوزى!
ئەل ئېركى ئۈزرە "ئېركى" نىڭ بەك تەلمۈرۈپ كوزى،
ئەيلەپ كۈرەش، ئۈمىتكە قىلىپ ئىقتىدا تۇرار.

1948 - يىل دېكابىر، قەشقەر.

## سويمەن سېنى

سويمەن سېنى گۈلدەك ۋەتىنىم،
ئىسىل باغلىرىم، ئېگىز تاغلىرىم...
شۇنداق يادىمدا: قوغۇن باققاندا —
"ۋا - ۋا" توۋلىغان كىچىك چاغلىرىم.

سەھەرلىرى پەيز، ئاخشىمى شامال،
جانۇ - جان يېزام — بۇغداي، تېرىغىم...
سويمەن سېنى تاتلىق مۈگدىشىپ،
يار بىلەن تۇرغان سىرداش ئېرىغىم.

ئايدىڭدا ئۇما، ئاپتاپتا خامان،
لاي - لاي ناخشىسى مەشۇغۇم مېنىڭ؛
كېچە سۇ تۇتۇش، پاقا مەشرىپى،
پادىچى نەيى، مەھبۇبۇم مېنىڭ،

سويەمسەن مېنى، ئەمگەك ئوغلى مەن؟
سويمەن سېنى، دىخاننىڭ قىزى؛
ئىسسىق - سوغاقتا، قاتتىق - قۇرۇقتا،
پۇت - قولۇمدا بار پىشقاننىڭ ئىزى.

ئككى ئولمەيدۇ كشى، شۇڭلاشقا چوڭ ئولمەك كېرەك.
مەن ئولەي بر ئاشقانە، بەكمۇ داگدار سەن ئۇچۇن.

قينلشتن ئاغرنغم يوق سەن تاماشا ئەيلگەچ،
ئاغرنارمەن رەنجى تارتسام، كۆلسە ئەغيار سەن ئۇچۇن.

1949 - يل يانۋار، قەشقەر.

# يۈرەك سىرى

يۈرەك بىر پارچە گۆشتۇر ئەھمىيەتسىز سۆيگۈسىز بولسا،
يۈرەك دەپ ئېيتسا بولغاي — خۇددى ئايدەك ئۇيقۇسىز بولسا...

ياشاشمۇ؟ يېسە، ئىچسە، يىغىسىز، يا كۈلكىسىز بولسا،
يۈرەكمەس ئۆز جېنىدىن باشقىغا قايغۇرغۇسىز بولسا.

يۈرەكنىڭ مېھرى، پەرمانى بىلەن سېنى ئاناڭ باقتى،
كۆزىنى يۇمماي كېچە مۇزدەك بوشۇككە كۆكرىكىنى ياقتى...
يىگىت بولساڭ بويۇڭغا زوقلىنىپ، كۆڭلى ئېرىپ ئاقتى،
بۆۋەك بولساڭ شۇ تاپتا سۆيسە ئۇ، ھېچ قايغۇسىز بولسا.

يۈرەكنى، مەرت يۈرەكنى كۆرمىگىل كەم، بەلكى نەيزەگدىن!
"مۇتەللىپ" تىن سوراپ كۆرگىن: سۆيۈندۈڭ دەپ، نېچۈك
جەڭدىن؟
يۈرەك بويسۇنمىدى دۈشمەنگە، توغرالساڭمۇ مەيدەڭدىن...
جاۋاپ: مۇنداق بولالماس بىر يۈرەكىم — سۆيگۈسىز بولسا.

يۈرەكنىڭ سۆيگۈسى — دەپ، ھەر پۇچەك ئىشلارغا ئېيتمايمەن،
پەقەت ئاغزى "مۇھەببەت"، يۈرىكى قىشلارغا ئېيتمايمەن.

يەڭنى شمايلاپ، پاچاقنى تۇرگەن،
كەتمەن دولىدا ... شۇنداق بىر يىگىت؛
ئەقلى بار قىزنىڭ سويەر يارى شۇ،
ھېچقاچان ئەمەس، ئۇ بوشاڭ ھىممەت ...

1950 - يىل ئىيۇل، قەشقەر.

# چاشقان پۇل يەپتۇ!

(يۇمۇر)

ۋاقتى شام ئىدى، كەلدى ئۈيىگە،
خوتۇنىنىڭ بۇگۈن بالدۇرراق ئېرى.
دىدى: بىرىڭلا ئۈكۈنكى پۇلنى!
چىقتى خەجلەشنىڭ ئوبدان بىر يېرى.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ، يۈگۈرۈپ خوتۇن،
كىيەك توكۇلگەن كوپكە قارىدى.
قولىنى سالدى، شۇ زامان "ۋايجان!" —
دىگەن ئاۋازى كەڭرى تارىدى.

ۋاقىراش بىلەن تەڭلا قولىدىن،
چۈشتى چىرىغى يەرنى سىرلىدى ...
بىلمەي نىمە ئىش؟ كوز ئالاق - جالاق،
ئۈيدە يۈگۈرۈپ، ئەر پىترلىدى.

قېنى سىلە ھە، بولسىلا! دىدى،
چاشقان، ۋاي چاشقان! لاخشىگىر قېنى؟
قېنى نەدە ئۇ نىمانچە قورقۇش —
دىدى ئېرىنىڭ قىزىدى قېنى.

ئېلگە رشتسی باغلانمغان "مش" لارغا ئېيتمايمەن،
مېنگچە سویگو بۇ: دەھشەت دىسە، تەپ تارتقۇسز بولسا.

يۇرەكنڭ سرلری بر تال تومۇرگە مۇنچە ئۇن بەردی،
يۇرەكنڭ سرلری ئاچچق ۋە تاتلق ماگا كۇن بەردی...
پەقەت خەلق دەردىدە كويگن دىدی، دەرتنی پۇتۇن بەردی:
دىگن ھەركم بۇ سرغا، ئېركی ئىقرار قلغۇسز بولسا.

1953 - يل ئوكتەبر، ئۇرۇمچی.

مىڭ يوەن دىگەن — بولارغا كىلەر،
تىكىپ سېتىلسا يۈزلەپ چاپىنى.

بۇ ئىشنى ئاڭلاپ بەزىلەر كۈلدى،
دىدى: "خوجايىن پۇلنى ئەپلەپتۇ.
دىدى بەزىسى: ماشىنىچىلىقىنىڭ،
قەدىرىنى بۇگۈن چاشقانلار يەپتۇ.

بىراق بەزىلەر ئىچىنىپ دىدى:
يامان بولۇپتۇ كاسىپ بىر ئادەم.
كاشكى بانكىغا قويۇپ قويسىچۇ،
چاشقانغا ئۇنى ئەيلىگۈنچە يەم.

1954 - يىل مارت، قەشقەر.

"كارامەت!"دېدى، ئىشتىن بىخەۋەر،
ئودىكام ئويناپ كېتىپتۇ چىلىشقان،
نىمە بولغاندۇ پۇل دېگەن خىيال —
كۆپ قىلىپ چۈشتى يادىغا شۇ ئان.

كوزى ئېچىلدى، ئەمدى باشقىدىن،
سارغايدى خوتۇن. چۈشتى لەرزىگە.
ئەرنىڭ سەپرايى ئۇچۇپلا كەتتى،
كۆپتە ئىدى پۇل، دېگەن ئەرزىگە.

ھەي ساراڭ دېدى، ئالدىراپ كۆپكە،
ئېرى مالتىلاپ، سالدى لاخشىگىر.
قارىسا پەقەت ئون مىليون دوللار،
ئۇنىڭغا ئايلانغان، قايدى بېشى پىر ...

بىر تىيىنچە يوق، ئۇنىڭ ئالدىدا،
ئۇستا مانتىپەز قىلغان قىرمىسى.
كۆپتىكى كىپەك بىلەن بىر تۇققان:
گويا ئاكىسى ياكى ئىنىسى ...

ئىسىت پۇل، دېدى، ئۇردى بېشىغا،
چوكقۇر بىر تىندى، بېشىن قاشلىدى.
قانداق قارىسۇن ئەرنىڭ يۈزىگە،
خوتۇن خىجالەت كوزىن ياشلىدى ...

كىممۇ بىلمىسۇن بۇ ئويدە شۇ كۈن،
ئەر - خوتۇن ئارا بولغان تاپىنى.

مىنۋت نىرى ئەمەس كوزدىن خوش سۆرتىلىڭ،
خوشتارلىغىم ئاشۇرىدۇ باتۇر ۋەدە.
بىر جۇپ بولۇپ ئىشقا چىقىپ، ئىشتىن قايتساق،
زوقى كەلسە ئەلنىڭ — بۇنداق تۇرمۇش نەدە؟!

گۇلدەك يۈزگە، قەندەك مېھنەت بەك ياراشقان،
قارىتىسەن سەن ئۆزەڭگە نۇرغۇن كوزنى.
ئوت يۈرىكىم ساڭا مەلۇم، سوز ھاجەتسىز،
ئورۇنلىساق سۆ بويىدا قىلغان سوزنى...

1954 - يىل ئىيۇن، قەشقەر.

## توي قىلساق

### (يىگىت تىلىگى)

يۈزى ئانار، كوزى خۇمار، بويى گۈزەل،
ئىشتا ساڭا قىزلار ئەمەس، يىگىت يەتمەس.
زوقۇم كېلىپ خىزمىتىڭگە قاراپ قالسام،
ياراتقاندەك قاراشلىرىڭ دىلدىن كەتمەس.

ئازات زامان، ئازات قىزى كوز قارىغىم!
قاچانغىچە كويۈپ يۈرۈش، سىرلىق قاراش؟!
يوقالدىغۇ فېودالىلىق - توسقۇنچىلىق،
تېپىپ تاشلا، پاك تۈرمۈشقا بولسا پۈتلاش!

ئۈگمۈشتە بىز، ئاتا - ئانىمىز تەڭ يىغلاشقان،
تەڭ كۈلەيلى، ئەمدى كۈلۈش پەيتى كەلدى!
تەڭ ئىشلىشىپ ئېلىپ ئەلنىڭ ئالقىشىنى،
كەڭ زامانىنى قوللاپ سويۈش پەيتى كەلدى.

تەڭ يارىتىپ، تەڭ سويۈشۈپ، تەڭ كۈلۈشتۈق،
يارىتىشنىڭ شەرتى بولدى مېھنەت، ۋىجدان.
دىدىڭ: "يىگىت، سېنىڭ بىلەن بىللە ئوتەي"
جىق ھەشقاللا، يارىڭ بولاي گۈزەل جانان.

مانا مىسىر ئۈز - ئۆزىگە ئىشەندى قاتتىق.
"يىگىت خەلق" دەپ ياغدى پۈتۈن جاھاندىن ھۆرمەت.
قول قوشتۇرۇپ ياشىغاندىن ئەركىن ئۆلگەن تاتلىق.
كىم تاپتى بېقىندى بولۇپ غەيرىگە. شەۋكەت!؟

ئەزىمەت نىل — قەھرىمان مىسىر سېنى تونۇتتى،
قۇللۇق ۋە بېقىندىلىققا قارشى تۆككەن مۇشتۇم!
شائىرلىق قەلبىم ساڭا ھۆرمەت جامىنى تۇتتى،
بېقىندىلىققا قارشىمەن، بەلكى يەتمىش پۇشتۇم.

جاھان بوزەكلىرىگە ئىشىك بولدى تەجرىبە.
سوۋېرىن ھوقۇق ئۈچۈن دادىل قەدەم تاشلاش.
مۇستەملىكىچى جاناپ، قىزىق بولدى مەسخىرە،
قايسى بىرىنى توسايدۇ تۆش - تۆشتا غازات باشلاش.

"مۇستەملىكە"، "يېرىمى"، "بېقىندى"، "ماندات" نىمە؟
بىرسى كىشەن، بىرسى كويزا، بىرسى يۇگەن، زەنجىر.
جاھان ئويغاندى، بۇ نەرسىلەرنى بىلمەيدۇ دىمە،
قۇللۇق، مۇستەملىكە ئىجاتچىسى چېرچىل تەخسىر!①

ئەپسۇس سىز ئۈچۈن سېسىپ قالدى مۇستەملىكە يول،
پەدەزلىسىڭىز قانچە ئۈنى، ھېچ كىشى باقماس...
مەجلىس، پوپوزا، تەھدىت ۋە زورلۇق ئۇسۇل،
ئۆزىڭىز بوغۇلۇپ كاپىشتىن باشقىغا ئاقماس.

---

① چېرچىل — ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى.

## نىل ئۇركەشلىدى ...

"ئادەم — ئۇ، مەغرۇر، جاراڭلىغۇچى ئۇلۇغ نەرسە"
قوبۇل قىلمايدۇ پۇت - قولى كىشەن. ئاغزى - بۇرنى يۇگەن،
مۇمكىن ئەمەس ئۇستىدىن مىنىشكە ئورۇن بەرسە.
بۇ قانۇننى "كىشەنچى" ۋە "يۇگەنچى" لەر ئۇگەن.

بۇ كۇن نىل ئۇركەشلىدى، غۇژژىدە كەلدى ئاچچىغى.
ئىنسان مەن، — دىدى، — يۇگەننى قوبۇل قىلالمايمەن.
گەر قۇترىساڭ ئۇرۇشقا، ئۇرۇش ۋىجدان بۇيرۇغى،
ھەرگىزمۇ كىشى كوزىگە قاراپ ياشالمايمەن.

ياش مەن، تەسىرلەندۇردى بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك.
ياشا، ياشا، ياشا دەپ كەتتىم مىسىر ياشلىرى.
سىنى ياقلايدۇ ھەقىقەت، ئەجەپ كورسەتتىڭ ئەرلىك.
قولىغا قورال ئالغان مىسىر قەلەم قاشلىرى.

قىلىچ تۇتقان قىز، كورۇندۇڭ خىيالىم كوزىدە!
نىمە دىگەن گۇزەل تەسۋىر: ياۋغا ئەپتىڭدە غەزەپ.
قاراڭ! بۇمۇ يىڭى تارىخ، دۇنيا يۇزىدە.
ئوزىگە خوجايىن خەلقلەردىن بولماقتا ئەرەپ.

## جان ۋەتەن

ھەممىدىن ماڭا ئېتىۋارلىق سەن،
تۇغۇلدۇم، ئۆستۈم تەربىيەڭدە مەن،
كۆڭلۈمدە ئورنۇڭ ئالدى مىڭ تۈمەن —
ھۆرمىتىم ساڭا، جانۇ - جان ۋەتەن.

تۇنۇگۈن ئىدىم پېشمىغان چىگىت...
بۈگۈن قىلدىڭسەن شائىرچاق يىگىت؛
ئېيتاي مەن يېزىپ يۈرەكتىن بېيىت،
رەھمىتىم ساڭا جانۇ - جان ۋەتەن.

ئانىنى رازى قىلغان بىر ئوغۇل —
سۆيەت يول تۇتۇپ، قىلاي سېنى گۈل...
ئارمىنىم: ئۇلسەم بولغاندا مەقبۇل —
خىزمىتىم ساڭا، جانۇ - جان ۋەتەن.

"ئانام" دەپ ئاتاي، بەردىڭسەن ئېشىم،
"ئاتام" دەپ ئاتاي، سىلىدىڭ بېشىم...
ئوخشىتالمايمەن ھېچبىر سىردىشىم،
ئۆلپىتىم ساڭا، جانۇ - جان ۋەتەن.

بۇگۈن "ۋەتەن" دەيدۇ مىسىر، "مۇستەقىللىق" دەيدۇ،
ئۇ تالاشمايدۇ نيۇ - يوركنى ئەيەندى داللىس!①
نىمە قىلسىز ئۇنى كوتىرىپ، ئۇنى سىزنىمۇ يەيدۇ!
توسىلىدۇ توپان، توسالمايدۇ ئازاتلىق ھىس.

"مىنۇتى مۇقەددەس ئازاتلىقنىڭ" دىدى پوشكىن،
ئوركەشلە نىل، ئوركەشلە ھەقىقەت سەھنىسىدە.
ساڭا دۇنيا ھورلۇك سويگۇچى ئەل كوڭلى يېقىن،
غالىپ كۈرەشنىڭ مىللى ئازاتلىق مەنىسىدە.

كىمكى كۈرەشتى — قۇللۇق يۇگەننى ئاغزىدىن ئۈزدى،
ئەركىنلىك دۇنياسىدا بىر تىنىدى — ئىنسان بولدى.
كىمكى كۈرەشتى — ئىنسانلىق قەدرىگە جان كىرگۈزدى،
ھەر كوزگە ھورمەتلىك ۋە ھەر تىلغا داستان بولدى.

1956 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر.

---

① داللىس — ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكا ھوكۇمىتىنىڭ دولەت ئىشلىرى كاتىۋى.

## تەسرات

("8 - مارت" خەلقارا ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلدى)

"بىر خۇرجۇننى بىر ئاي ئەمەس، بىر كۈنگىچە
سەن دولاڭدىن چۈشۈرمەستىن كوتىرىپ باق!
بىر ئاي ئەمەس، ئۇن ئايغىچە قوسىقىدا —
سېنى ئېلىپ يۈرگەن زاتنى ئويلا، كىم ئۇ؟
ئادەم بولساڭ بۇڭا پىكىر يۈرۈتۈپ باق"؟!

— دىدىم ئۇكۈن بىر خۇرجۇننى كوتەرگەندە،
ئويگە كەلدىم خوتۇنۇم ئىدى ئېغىر ئاياق.
ئوي تازىلاپ تۇرۇپتۇ ئۇ، قوساقتا يۇك،
مانا ئەمگەك، مانا باتۇر، مانا ئىنسان...
ئولگۇرمەپتۇ دەيدىكەنمەن، تاسلا، تاماق.

"بىر ئوينى تۇت، توتنى ئەمەس بىر بالىنى —
قوزگە قوشۇپ، يىگىت قىلغىن، ياچوكانچاق.
مەن ئويلايسەن بېشى پاخماق ئانىجانىڭ —
ئەترە بويلۇق، سۇمبۇل چاشلىق قىز ۋاقتىنى...
سېنى شۇنداق تۇز قىلىشتا بولدى دوڭغاق".

بۇيرۇغىن مېنى جېڭگە باراي،
كەلسە ساڭا ئوق، توساشقا ياراي؛
شۇ ئەجرىم بىلەن يۈزۈڭگە قاراي،
غەيرىتىم ساڭا جانۇ - جان ۋەتەن.

ئۆزەم خوش بولۇپ، توكمەن تەرىم،
قانچە ئىشلىسەم ئۆزەمنىڭ يېرىم...
ھارغىنىم قانداق، پۈتۈن ئىشلىرىم —
مېھنىتىم ساڭا جانۇ - جان ۋەتەن.

1957 - يىل فېۋرال، قەشقەر.

ئالمامدىغان يۇدۇپ يۇرۇپ ئاندىن رەھمەت ...
دورامدىغان ئانىسىنى سىلكىگەننى!
قىلمامدىغان ئۇنىڭ سوزىــن ئۇزگە ياراق!

ئايال ئۇلۇغ، ئۇلۇغلۇغى شۇنچىلىككى:
ئانىلىگە گۈزەللىك ئۇ، مەشئەل ـ چىراق.
يەككە ھايات — يىــتىم ھايات، نەپسىز ھايات،
ئومرۇم ئۇتەر دەيدىغانسەن "تاق" بولسامۇ ...
ئوتكەن بىلەن تۇزسىز بىراق، تۇزسىز بىراق!

بۇ دەۋرنى شۇ ئۇچۇنمۇ ياراتتىممەن:
ئۇزۇلۇپ كەتتى، ئاياللارنى بوققان بوغاق ...
ئانىجاننىڭ قولىدا كىتاپ، ئاچام ئىشچى،
خوتۇنۇم دوختۇر، ئۇكام ھەربى، يەڭگەم دىغان،
پىشونىركا سىڭلىم بولسا شائىرەچاق ...

خوتۇن ـ قىزلار كەڭ دۇنياغا چىقتى ئويدىن:
ئەمدى ئۇلار كۆلۈڭلا ئەمەس باغلاق.
سەلىمەم بار① شەرىپەم بار② ھوكۇمەت ئۇ،

---

① سەلىمەم — ئەينى يىللاردىكى خوتەن ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ مائاۋىن ۋالىسى، ھازىر قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مەسلىھەتچىسى سەلىمە تالىپنى كورسىتىدۇ.

② شەرىپەم — ئەينى يىللاردىكى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھوكۇمىتىنىڭ مائاۋى باشلىقى مەرھۇمە شەرىپە خانىم

— دىدىم ئۇ كۈن، رەپقەمگە تىرەن قاراپ:
ھامىلدار ئۇ، رەڭگى سولغان ئالىلقانداق ...
بىر چاغ ئىدى، قىزىل ئالما ئىدى يۈزۈڭ ...
يۈزنى ئەمەس ۋىجدانىڭنى سويدۇم دىلبەر!
بىر ھاياتنىڭ ھاياتىن دەپ بولساڭ شۇنداق.

ئانا ئۇلۇغ، ئۇلۇغلۇغى شۇنچىلىككى:
"ۋەتەن" دىگەن سوزگە بولدى "ئانا" ئاتاق.
ئىككى ئۇن بەش ئۇتتۇز، دەيدۇ ماتېماتىكا؛
ۋەتەن دىسەڭ ئاناڭمۇ ئامراق بولغىن،
ئانا دىسەڭ، ۋەتەنگىمۇ بولغىن ئامراق!

ئۇپا، ئەڭلىك، لاتا - پىتە، بۇدرە چاچقا ...
قىلالمىغان كوزنى ھەرگىز ئالاق - جالاق!
كورمەمدىغان گوھەر بەرگەن گوھەرىڭنى —
گوھەر سۇپەت، گوھەردىنمۇ بەلكى ئالى،
بولغاندىمۇ كوۋى چاپاق، پۈتى مايماق...

بىر ئازغىنا قوساق ئاغرىپ تۇرسا ئەگەر،
تېتىمايدۇ ساڭا پەرى قىلسا چاخچاق...
سەن تېتىيسەن قوسىقىدا ئات چاپساڭمۇ،
قىينىساڭمۇ، ئاغرىتساڭمۇ ئانىجانغا ..
سويگۇ بارمۇ مۇندىن سۈزۈك ۋە كۈچلۈكرەك؟!

ئۇنتۇمدىغان سۇ ئىچكەندە كول قازغاننى!
بىلمەمدىغان موماي جاننى كوزگە قاراق!

## ۋەتىنىڭنى سوي كەتمىنىڭ بىلەن

ۋەتىنىڭنى سوي كەتمىنىڭ بىلەن،
مېھنىتىڭ بىلەن گۈللىگەي ئېلىڭ؛
ئاۋاتتۇر دۇنيا كەتمىنىڭ بىلەن،
خىزمىتىڭ بىلەن ئۈزۈندۇر تىلىڭ ...

"ئاسگۈل" دىن ھەم ئۈنى ياخشى كور،
ياخشى كەتمەن چاپ "ۋەتىنىم" دىسەڭ.
ئېتىزىڭنى سەن مىڭ جېنىم دىگىن،
"ئايشەمگۈل" نى سەن بىر جېنىم دىسەڭ.

ياشلىق كۈچىنى كەتمەندە كورسەت!
مېھنەتنىڭ جېگى — غايىت كاتتا جەڭ ...
مېھنەت سويمىگەن ياسانچۇق يىگىت،
دىخان يىگىتكە بولالمايدۇ تەڭ.

ۋەتىنىڭنى سوي كەتمىنىڭ بىلەن،
مىڭ تاغار گەپتىن بىر تال ئىش ئۈلۈغ.
ھەر بىر تال بۇغداي دۇشمىنىڭگە ئوق،
ئەسكەر يىگىلمەس قوساق بولسا توق ...

1957 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر

پاشايىم بار① ئازادەم② بار جاھان ئارا —
سەنئەتىمنىڭ ئاۋازىنى قىلدى ياڭراق.

1957 - يىل مارت. قەشقەر.

① پاشايىم — مەشھۇر سەنئەتچى پاشا ئىشان.

② ئازادەم — ئەينى يىللاردىكى ئورۇمچى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق سەنئەتچىسى.

دېمەك باردىم، دىدى ئۇ "يوپ": گۇناسىز تۇۋبە قىلماقنى
تېپىشمە بىز بىلەن ئۇنداق، دىدى بەختىڭگە تام ئەتمە.

يېزىپسەن بىزگە قاتتىق خەت، ئۇزى سىرلىق، سوزى قىرلىق...
قىلچىنى سال غىلاپ ئىچرە، ئۇنى سەن بى نىيام ئەتمە①

دىدىم: "خەتتە ئۇزەڭ ئارتقان قۇرۇق تۇھمەتنى تەكشۇرگىن
ساڭا مەن كەلمەدىم ئىش دەپ، ئۇزەڭنى بارام ئەتمە.

دىدى بىزنى ياراتمايسەن، زىيالىلىق ھاۋايىڭ زور ...
كى بىزگە سەن ئىگىلمەستىن، بېشىڭ مۇنداق قىيام ئەتمە.

دىدىم: "خىزمەت بېرىش شەرتى، سېنىڭغا باش ئۇرۇش بولسا،
كېچەي، ئالدىڭدا بىر سۇلتان قىلىپ ئالى كىرام ئەتمە".

بىرەر ماختاپ، بىرەر ئالداپ، ئۇيان ماگداپ، بۇيان چامداپ
يەنە تەھدىت سېلىپ ئېيتتى: بىكار جاننى ھارام ئەتمە.

يۇۋاش بولغىن ئىتائەتكار، سىلىق بولغىن ساداقەتكار،
دىدى تۇرمۇش كىرەك بولسا ئەگەر قاتتىق كالام ئەتمە.

دىدىم: "ئۇنداق بولالمايمەن، ئۇرۇق - پۇشتۇم ئەمەستۇر قۇل
مىنىڭ ھەققىمدە سەن ھەرگىز قىياسنى مۇنچە خام ئەتمە.

① بى نىيام ئەتمە — غىلاپتىن تارتىپ يالاڭىدىما.

## بالامغا ۋەسىيەت II

جاھان يۈزسىزلىكىدىن، سەن ئېلىپ كۆڭلۈڭنى لام ئەتمە،
جاپاغا مەيلى تاقەت قىل، ئۆزەڭنى ئەسكى نام ئەتمە.

تىرىكلىك قەسرىنى قۇرغىن، پەقەت مېھنەت ئاساسىغا،
خوشامەت مەقسىدى بىرلە ئەمەلدارغا سالام ئەتمە.

سوراپ بارماق ئەجەپ خورلۇق ... يىگىتكە خۇمسىدىن ھاجەت،
ئەگەر شۇ "كۈن" گە قالساڭ سەن، ھاياتلىقنى داۋام ئەتمە.

دېدى: "باشلىق چاقىردى" دەپ ئىمىشكەن ئىسمى بىر خىل "يوپ"
دېدىم كۆڭلۈمغا: "سەن بارما، ئاڭا خوش-خوش ئۇكام ئەتمە.

مەدەتنى يۈرىكىڭدىن سور، بەختىنى بىلىكىڭدىن سور ...
بولۇپ بىر خۇمسىغا ئۇلپەت، ۋاقتىنى بى مۇقام ئەتمە ..."

بىراق دوستۇم دېدى شۇ ئان: "يىگىت كۆڭلۈڭگە بىز تەسلىم!
سىياسەت كارىدا ئەمما، ئۆزەڭ بى ئىنتىزام ئەتمە.

چاقىرغان بولسا ئۇ، بەلكىم تۇپەيلى ئاممىۋى خىزمەت ...
بېرىپ قوي، ئېھتىرام ئەتكىن ۋە ياكى ئېھتىرام ئەتمە".

دىگەن سەن ئەھلى مەنسەپكە: "ئەمەل-گۇل ھوسىندەك چەكلىك
كورەڭلەپ ئىش ئورۇنلاردىن ئەمەلنى دامۇ - دام ئەتمە."

دىدى بۇلبۇل سەھەر گۇلگە: "ۋاپا قىل بارىدا ھوسنۇڭ...
ۋاپاسىز بۇ جامالىڭغا قاراپ" "ناز" نى داۋام ئەتمە.

ئاۋامنىڭ مەن بىلەن سەندىن كورۇشكەن نەپىسى تايىنلىق...
ئىشىڭ يوق بىر گىرام چاغلىق، غورۇرنى مىڭ گىرام ئەتمە.

ئەگەر سەن خەلققە خىزمەتچى، بويۇننى خەلققە پەسرەك تۇت!
كىشى "ئەھۋال" ئوقۇپ كەلسە، ئۇنى تەھقىرئاۋام ئەتمە.

ئەگەر سەن تەخقە چىققاندا، چىقارساڭ خەلقنى يادىڭدىن...
"ئىشىم پىشتى" دىگەن شۇ چاغ، نوچۇك كۇچنى ھاسام ئەتمە.

توۋەن ئىشلەمچىلىكنىڭ نەشئەسىدىن دىلنى خۇرسەن تۇت،
ئەمەلدارلىق غېمىگە "ئىركى" سەن كوڭلۇڭنى جام ئەتمە.

1967 - يىل، دېكابىر، قەشقەر.

يىگىتكە مەدىكار ئىشلەش شەرەپ، لېكىن خوشامەت ئەيىپ...
دىدەكلىكنى ئانام ئەتمە، خوشامەتنى دادام ئەتمە.

بېشىم بەلكىم ئېگىلمەس ھېچ، بېشىڭ يەتكەندە ھەم ئەرشكە...
مېگىپ شەخسى ئۇ چوڭ بىرلە، نوچۇكسەن ئىنتىقام ئەتمە.

ۋە لېكىن بىر زامان بولغاي بۇتۇن ئىشنىڭ ھىساۋاتى...
ئىشكىنى ئاقىۋەت بۇ دەپ، بۇنىڭ بىرلە تامام ئەتمە.

ھاقارەت ئەيلىگەچ نامەرت، بېرىپ دەككە، خوشال ياندىم،
بۇ ھەقتە تەجرىبەم شۇلكى، بوشاڭلىقنى بالام، ئەتمە.

ئىلىپتەك توغرا ئادەم بول، كۈچۈڭدىن ئىزلە بەختىڭنى!
ھاياتىڭنى پەقەت شەخسى شاپائەتكە قارام ئەتمە.

ئەگەر تاش چاينا، ئاش يۇقتۇر، ئوگايىراق ھەزمى بولغاي ئۇ،
بىراق، مىننەت بىلەن كەلسە ھەسەل ھەتتا تائام ئەتمە.

تاۋاقچى بول، ياماقچى بول، كاۋاپچى بول، راۋاپچى بول
بىراۋغا سەن غۇلام بولما، بىراۋنى سەن غۇلام ئەتمە.

بولۇپ كەت ھارۋىكەش مەيلى ... بولۇپ كەت مەدىكار ھەتتا
بىراۋنى "ۋاي خېنىم" ئەتمە، بىراۋنى "ۋاي غوجام" ئەتمە.

پەقىرلەرنىڭ يېتىملەرنىڭ پەقەت كەمتەر غۇلامى بول!
تەكەببۇر قىل تەكەببۇرغا، ئۇنى خەلققە نىزام ئەتمە.

دىدى گۈلنىڭ جامالىغا بولۇپمەن بىر ئۆمۈر مەپتۇن ...
تىكەننىڭ زەخمىدىن ھەرگىز كوزۈمدە زەررە نەم بولماس.

دىدىم: گۈلدىن چىرايلىقراق ۋەتەننىڭ ئىشقى باغرىمدا،
بو يولدا كەتسە گەر باشىم، كورۈك ھەرگىز ئەلەم بولماس.

مۇھەببەت ۋاستە ھەر چاغ، ۋاپادارلىق ئاڭا مىزەۇن ...
قۇرۇق قاش — كوز باھاسى نەزىرىمدە بىر دەرەم بولماس.

دىدى بۇلبۇل: گۈزەللىك ئۇ — ئاجايىپ دىلرابا بىر كۈچ،
گۈزەللىك سويىمسە ئىنسان — پەقەت رۇناق، ھەشەم بولماس.

دىدىم: قەلبى گۈزەلنى سوي، مۇھەببەت ئۆلچىمى شۇدۇر،
دىلى بەزەن گۈزەلنىڭ شەكلىدەك باغى ئىرەم بولماس.

يىلاننىڭ نەقىشلىك سىرتى، ئىچىگە لىق زەھەر تولغان،
كىشى بۇ سىرنى بىلگەندە، پەقەت دۈشمەنگە يەم بولماس.

مۇھەببەت ئۇ ـ قىزىقماقتۇر، قىزىقماق قانچە مىڭ تۈرلۈك،
قىزىقساڭ توغرا بىر ئىشقا، مۇھەببەت مۇتەھەم بولماس.

مۇھەببەت بەك ئەزىز نەرسە، ئۇنى سەرپ قىل ئەزىز ئەلگە،
مۇشۇنداق بىر مۇھەببەتسىز پەقەت ئىنسان ئادەم بولماس.

ئەزىز خەلقىڭنى خار تۇتما، ياۋۇز دۈشمەننى يار تۇتما،
ئېلىڭنى خار قىلىپ يىگەن پولۇ، مانتاڭدا تەم بولماس.

## شائىر بىلەن بۇلبۇلنىڭ ئۇچرىششى

يۇرەكتە خەلقىمنىڭ بىر ئىشقى يوق ئەھلى قەلەم بولماس،
قەلەمگە شۇ مۇھەببەتتىن ئۇلۇغراق ئىشقى ھەم بولماس.

ماجازى بىر مۇھەببەت① دەپ، قەدىرلىك كۆڭلىرىڭ بۇزما،
ئەگەر بىلسەڭ ئىلمىڭدىن ساڭا زىباراق سەنەم بولماس.

يېزىشتى لەيلى - مەجنۇن ئىشقىنى ئالەمدە كوپ شائىر،
مېنىڭ ئىشقىم يولىدا ئۇ كىچىكرەك بىر قەدەم بولماس.

يازاي "شائىر — ۋەتەن" ناملىق، بۈيۈك داستان مۇھەببەتتىن،
مۇھەببەت ئۇ، ۋەتەننىڭ سويگۈ سىدەك موھتەرەم بولماس.

سەھەر گۈللۈكتە بىر بۇلبۇل يولۇقتى، سوزلىشىپ قالدۇق،
دىدى: بولبۇلغا گۈلنىڭ ۋەسلىدەك ئەڭ ياخشى دەم بولماس.

دىدىم: بۇلبۇلغا گۈل قانداق، ۋەتەن - شائىر ئۇچۇن شۇنداق،
ئۇنىڭدا ئەلگە ئاسايىش دىگەندىن باشقا غەم بولماس.

---

① ماجازى مۇھەببەت — ھەقىقى مۇھەببەتنىڭ ئەكسى بولۇپ، ھاۋايى-ھەۋەس يولدىكى زاھىرىغا بولغان مۇھەببەت.

## ئەلۋىدا كىتاپ!

ئوتقا چۈشتۈگسەن بۈگۈن دوستۇم كىتاۋىم ئەلۋىدا،
قانچە يىللىق ئىلمۇ ـ ھىكمەت مەنقۇلاتىم، ئەلۋىدا.

تامغا چاپلاپ يەرگە كومدۇم، قالمىدى ئەۋرەزمۇ ھەم،
قىينىدىم شۇنداق سېنى، ئالى جانابىم ئەلۋىدا.

پۇل يوشۇرماستىن يوشۇردۇم شۇ زاماندا ئىلمىنى،
شۇ زامانغا مۇشۇ ئىش بولغاي مىزانىم، ئەلۋىدا.

گۈردى ۋەھشى باش ـ كوزۇمگە، سەن كىتاۋىمنى ئېتىپ،
گۈشبۇ ھالەتتە ساڭا قىلغان خىتاۋىم — ئەلۋىدا!

ياستۇغۇم قەغەز ـ قەلەمدۇر، نەغمە ـ دۇتارىم كىتاپ...
باغ سېغىنسام سەن ئىدىڭ بىر سەيرى باغىم ئەلۋىدا!

نى تولۇن ئايلارنى ھەتتا، ساڭا ئوخشاش سويمىدىم،
ئەمدى مەن قانداق چىدايمەن، كوز قاراغىم ئەلۋىدا؟

قانمىغان ئەردىم ئىست، سەن بىرلە دوستۇم سىردىشىپ...
پى مەھەل ئۈزدى پەلەك، دوستلۇق تاناۋىم ئەلۋىدا!

يىگىتنىڭ گەردىنى يىگەي قىلىچ دۈشمەنگە بوي ئەگمەي،
بېشى ئاسمانغا يەتكەن خۇمسىدا — بۇ باپتا پەم بولماس.

ئۈمىتنى كاتتا تۇتقىنىسەن، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى پارلاق،
بىلىپ قوي ئېركى دۇنيادا پايانى يوق سەتەم بولماس.

1968 - يىل ئىيۇن، قەشقەر.

## مۇھەببەت، مەن ۋە ئەل

سۈرىتىڭنى مۇنچە سىزغان قايسى بىر نەققاش ئىكەن؟
ئۆزلىرىڭدىن كۆزلىرىڭ كەپسىز ئىكەن بەك شاش ئىكەن.

بىر قاراپ گۈل، بىر قاراپ ئاي، بىر قاراپ كۈن
دەپ يۈزۈڭ،
بىر قارارغا كەلمەدىم، ئۇ، قايسىسىغا ئوخشاش ئىكەن؟

تاڭ دىسەم، سەندىن تارالغان نۇر ئىكەن ئالەم ئارا،
تىنغ دىسەم، كۆز ئۈستىدە تۇرغان قىلىچىنەك قاش ئىكەن.

كېچە مەن ئۈزگەن دېڭىزنى قايسى دېڭىزكەن دىسەم،
سەن گۈزەلنى ياد ئېتىپ ئاققان كۆزۈمدىن ياش ئىكەن..

قىسقا دەپ قىلغاي پەرەز ھەتتا جاھاننىڭ ئۆمرىنى،
قايسى بىر بەختىلىك كىشى دىلبەر ساڭا يولداش ئىكەن.

مەن ساڭا ئاشىق بولۇپمەن، شۇ ئۈچۈنكىم سۈرىتىڭ —
ئەسلى مەن سۆيگەن نىگارغا خۇددى سۈرەتداش ئىكەن.

شۇ گۈزەلگە ئوخشىتىپ كەزدىم مۇھەببەت دەشتىنى...
نەقلاي ياشلىق دىگەن — بەگۋاش ئىكەن، بەگۋاش ئىكەن.

كويدى تۇرغان، كويدى ئىنجىل، كويدى تەۋرات ھارۋىلاپ...
كويدى نى - نى مەدەنىيەت كاتتا كانىم ئەلۋىدا!

كويدى گوھەر، كويدى دىلبەر، كويدى ئەشئار، كويدى پەن
كويدى خەلقىم، كويدى مىللى ئەدەبىياتىم ئەلۋىدا!

كويدى ئالىم، كويدى شائىر، كويدى يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
كويدى مەھمۇت قەشقىرى، كويدى فارابىم ئەلۋىدا!

كويدى سەككاكى، نازارى، كويدى شەۋقى، خىرقىتى،
كويدى خىسلەت، كويدى مەشرەپ، كويدى نازىم ئەلۋىدا!

كويدى كوپ ئىلمى تىبابەت، كويدى كوپ تارىخلىرىم...
چەكتى ئازار ئىبنى سىنا قەدردانىم ئەلۋىدا!

ئوتتا ئاچچىغلار ناۋايى... بۇ چۈشۈممۇ، يا ئوڭۇم؟
ئېيتىدۇ: ئالەمگە ياز، بۇ دىلئازاۋىم ئەلۋىدا.

كويدى پەشتاقتىن ئىگىز، ھەرخىل كىتاپ ھېيتكا ئارا،
ئەزدى بۇ بىر پاجىئە، جان - ئۇستىخانىم ئەلۋىدا.

ئوچتى قەشقەر ئاسمىنىدا، نەچچە كۈن كويگەن كىتاپ...
قالىغاچتەك پىرقىراپ، كۈيلەپ پىغانىم ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا ئى يەر ۋە ئاسمان، بول بۇ ئىشقا سەن گۇۋا...
شۇبھىسىز تارىخ ئالار، بۇ بىر ھىساۋىم ئەلۋىدا!

1968 - يىل ئىيۇن، قەشقەر.

## شېرىن سۆھبەت

مەن ساڭا كويدۇم دىسەم، مەن ھەم ساڭا ئامراق دىدى،
راستمۇ دەپ سورىسام ۋەلېكىن بىر قىزاردى "ياق" دىدى.

نە ئۈچۈن كۆلدۈك چىرايلىق، قايسى كۈن ئۈنداق؟ دىسەم،
بۇ — سېنى دەردىمگە تەكلىپ ئەيلىگەن بارغاق دىدى...

پۈتمە ھەربىر كۆلكىگە، بەلكىم سېنى ئالداپ قويار...
نازىنىنلار كۆلكىسى، سالغان ساڭا قارماق دىدى.

ئانچىكىم يالغان سوزۈڭگە، سەن ئېتىپ، ئەخمەق دىسەم،
رەسىمىز ھەر بىر گۈزەلنىڭ، ئوت ئارا سالماق دىدى.

ئىشق ئوتى بىر ئىمتىھان ئۇ، قەلبىنى بىلمەگلىك ئۈچۈن:
تۇچمۇ سەن، ئالتۇنمۇسەن؟ جىك ـ جىگمۇ، ياپاخپاق دىدى.

مەن دىدىم: بۇ ئوتقا سالدىڭ، ئەمدى قىلغىن بىر ئىلاج،
نەدە نەم يەر بولسا بارغىن، يۈرىگىڭنى ياق دىدى.

مەن دىدىم كويگەن يۈرەككە، دورى ـ دەرمانىم ئۈزەڭ!
توغرا ئېيتامسەن بۇ سوزنى ياكى بىر چاخچاق؟ — دىدى.

مەن دىدىم: يالغانچىنىڭ بولسۇن يۈزى تۈندەك قارا،
ئەلخۇسۇس شانلىق مۇھەببەت يولىدا شۇنداق دىدى.

مەن دىدىم: پىكرىڭ، خىيالىڭ بىرلە قىينار ئېركى جان
مەن سېنى ئەسلەپ ھامان، تاڭ ئاتقىچە ئويغاق دىدى.

1968 - يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

ياخشى كورمەكلىك گۈزەلنى ياخشى ئىش، مەندىن ھوكۇم!
كىم گۈزەللىك سويمىسە ئۇ ئالغا باسماس باش ئىكەن.

يار گۈزەل، خەلقىم گۈزەل، مېھنەت گۈزەل، ھورلۇق گۈزەل،
شۇنى سويگەچ بولدى مۇنداق... ئەسلى ئالەم تاش ئىكەن.

سويگۈ دەپ ئېيتىش باھانە، چۈنكى ھەر شائىر ئۈچۈن—
سويگۈ ئۇ كوگۈلدىكى مەزمۇنغا مەزمۇنداش ئىكەن.

ئەل ئۈچۈن بارلىق مۇھەببەت، خەلق ئۈچۈن بارلىق كويۇش...
پەھمى قىلساڭ ھەر سوزۇم شۇ سىر بىلەن سىرداش ئىكەن.

كىم دىسەڭ دۇنيادا بەختلىك؟ ئېركى ئېيتار: مەن ئۈچۈن—
ئوزى ئىشچان، خەلقى بەختلىك، يارى مەسلەكداش ئىكەن.

1968 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر.

بۇ كۈن راست ئۈچۈن چوڭ توسالغۇ تام،
شەھرىم كورمىدى ئۈز ۋاقتىدا ئام...
كوڭلۈم ئېچىنىپ شۇڭا سۇبھى - شام،
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

ھەر خىل ناھەقلىق دەھشەت تۈنىدىن،
دەۋزەختە قالغان دېخان كۈنىدىن...
ئاچچىق - زارلىقنىڭ نالە - ئۈنىدىن،
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

تولغان كوچىغا خىلمۇ - خىل گادا...
نان، ئىش، ئادالەت دېگەن بىر سادا،
قانچە كۈيلىسەم بولمۇغاي ئادا،
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

خەلقىم كۈلپەتتە، ئېچىشار يۈرەك!
قوزغاپ ئىددىئال، قىستايدۇ تىلەك...
ئىشلىشىم كېرەك، يېزىشىم كېرەك...
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

كۈرەش ئۈستىدە شەھرىم سەپمۇ - سەپ،
يالماۋۇزلارغا ئوت ئېچىپ غەزەپ!
ھامان دېگەندەك يازالمىدىم دەپ،
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

ئەتراپىم قىلتاق... بىر تۇزاقتا مەن،
گويا گوردىكى چوڭ سوراقتا مەن...

## داغدا مەن

(بىر شائىرغا تەقلىت)

ۋەتىنىم مېنىڭ گۈزەل لالە باغ...
بوغۇلغان بۇ كۈن مەندە باش - ئاياغ،
يۈرىكىم شۇڭا ۋولقانلىق بىر تاغ..
يازسام داغدا مەن، يازمىسامىمۇ داغ.

ئېيتسام بېشىمدا، سانسىز ئاپىتىم،
ئاغرىپ ياشلىنار دىل جاراھىتىم...
دىمەي دىسەم يوق سەبرۇ - تاقىتىم،
يازسام داغدا مەن، يازمىسامىمۇ داغ.

تىلىمدىن كورە، كۈچلۈكرەك دىلىم،
ئېيتالمىدى ھېچ دىلىمنى تىلىم..
رازى قىلمىسام يېزىپ مەن ئېلىم،
يازسام داغدا مەن، يازمىسامىمۇ داغ.

دوستۇم ھال سوراپ يازمىدىڭ، دىدى،
گەلھەمدۇلىللا، ئازمىدىڭ، دىدى!
دىدىم يازمىقىم لازىم ھەم ئىدى،
يازسام داغدا مەن، يازمىسامىمۇ داغ.

## كوڭلۇم سەندىدۇر

(مۇقىمگە تەقلىت)

ئايجامالىڭغا قاراپ، ئاسماندا ئاي شەرمەندىدۇر،
مەنلىك باققان كوزۇڭگە، بۇ كەمىنەڭ بەندىدۇر،
ناز قىلىپ ئوتسەڭمۇ باقماي، لەۋلىرىڭدە خەندىدۇر،
مەن ئوزەم ھەرجايدا مەن، كوڭلۇم، خىيالىم سەندىدۇر،
ياخشى قىز دەردىڭدە ئولسەم، ئوت - ئوۋالىم سەندىدۇر.

سەن ئوزەڭ ھەرجايدا سەن، ئەمما سىياقىڭ مەن بىلەن،
قالدى سەن كەتكەن بىلەن، زور ئىشتىياقىڭ مەن بىلەن،
كىم بىلەن ھازىر ۋىسالىڭ، ئوت پىراقىڭ مەن بىلەن،
مەن ئوزەم ھەرجايدا مەن، كوڭلۇم، خىيالىم سەندىدۇر،
ياخشى قىز دەردىڭدە ئولسەم، ئوت - ئوۋالىم سەندىدۇر.

سەن ئوزەڭ ئوبدان بىراق، ھىچ تونۇمايسەن ياخشىنى،
يار توتۇپسەن ئوز بويۇڭغا نامۇناسىپ ياخشىنى...
ساڭا ئېيتتىم ياخشى ئاگلا، ساڭا خاس بۇ ناخشىنى،
مەن ئوزەم ھەرجايدا مەن، كوڭلۇم - خىيالىم سەندىدۇر،
ياخشى قىز دەردىڭدە ئولسەم، ئوت - ئوۋالىم سەندىدۇر.

ئوت ئىچىمدە... سوزلىمەي تۇرغان بىلەن سەزدىڭمۇ سەن؟
زەررە تەسىر بارمۇ سەندە، يا تامام بەزدىڭمۇ سەن؟

بولۇپ مەن شائىر شۇنداق چاغدا مەن،
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

ئاغزىم بوغاقلىق... ۋاقىرالمىسام!
دەريادەك تېشىپ شاقىرالمىسام...
كومۇپ تۇرماقتا، پاقىرالمىسام...
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ

يازسام يازغۇدەك ماغدۇرىممۇ بار،
پۇتۇم پاتمايدۇ، يولۇم شۇنچە تار..
بۇلبۇل سايرىماس، يوق ئىكەن باھار،
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

قىلىچ بېشىمدا ھەقنى ھەق دىدىم،
نېسى قويمىدىم، گەپنى نەق دىدىم،
ھەق سوزتىڭلاۋچى كىلەر ۋەخ دىدىم،
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

تاشنى ئويغىتىپ ئادەم قىلمىسام،
ياۋغا ئالەمنى مالەم قىلمىسام...
ئالەمنى ئوبدان ئالەم قىلمىسام،
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

كېيىمدىن تولا، ئىشىم بولسا دەپ،
ئىشىم بىلەن ياز قىشىم بولسا دەپ،
كېيىمنى ئاڭلار كىشىم بولسا دەپ...
يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

1968 - يىل نويابىر، قەشقەر.

## گەپ ۋە دۈشمەن

چىرايلىق گەپ قىلىش ئاسان، ئۇنى ئىشلەتىشقىمۇ يولداش،
ئەمەلسىز ملك تاغار گەپنىڭ باھاسى بىر تىيىن يولداش.

قۇرۇق كەلمەس رەقىپ ھەرگىز قېشىڭغا، گەپ بىلەن كەلگەي،
كېيىنگە ئالدىنىپ بولما رەقىپلەردىن ئىمىن، يولداش.

ھەزەر قىل ئىككى تىللىق ئۇ، قەدىناس، كونا"يولداش"دىن
قېشىڭغا كەلسە ئۇ غوڭشىپ، قۇلاق ئاتلىق چىۋىن يولداش.

يامان ئادەمگە سىر بەرمەك — مېنى قىردەپ قىلىچ بەرمەك،
قېنى كىم قەلبىنى بىلگەي، كىشىنىڭ ئەپتىدىن يولداش؟!

ساڭا دەرھال تۇخۇم قويغاي، مۇشۇنداق بىر تۇخۇم تۇغ دەپ،
سوزى بولغاي رەقىپلەرنىڭ ئاجايىپ بىر مەيىن يولداش.

كىشى چاي تۇتسا پۇ دەپ ئىچ، قوبۇل قىل سوزنى تەنقىدى...
يولىڭدا ئۇچرىغاي بەلكىم چاتاق يولداشۇ، چىن يولداش.

ھىجايغان بىرلە يولۋاسنى، پەقەت سەن كۆلدى دەپ بىلمە،
ئېزىپسەن كۆلكىدىن، قىلما ئاداشنى تۆلكىدىن يولداش.

1977 - يىل، نويابىر، قەشقەر.

ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەكنى، مۇنچىلا ئەزدىڭمۇ سەن؟
مەن ئۆزۈم ھەرجايدا مەن، كۆڭلۈم - خىيالىم سەندىدۇر،
ياخشى قىز دەردىڭدە ئۆلسەم، ئوت - ئۇۋالىم سەندىدۇر.

شۇنچە قىزلارنىڭ ئىچىدە بىر ئۆزەڭ قالدىڭ ياراپ،
باق دىسەم ئەيلەپ قوبۇل، ئالەمچە خوش قىلدىڭ قاراپ.
گەپ قىلالمايمەن بۈگۈن كۆندەشلىرىم تۇرغاچ ماراپ...
مەن ئۆزۈم ھەرجايدا مەن، كۆڭلۈم - خىيالىم سەندىدۇر،
ياخشى قىز دەردىڭدە ئۆلسەم، ئوت - ئۇۋالىم سەندىدۇر.

خۇمسى ئازدۇردى سىنى، باغرىمغا ئوق كوردۇڭ راۋا،
قانچە سەن قىلساڭ ئەلەملەر "ئىككى ئالەم" مەن رىزا،
كوزيېندىن ھەر بېقىشقا مىڭ جېنىم بولسۇن پىدا...
مەن ئۆزۈم ھەرجايدا مەن، كۆڭلۈم - خىيالىم سەندىدۇر،
ياخشى قىز دەردىڭدە ئۆلسەم، ئوت - ئۇۋالىم سەندىدۇر.

"يەتتە ئاشىق"① بەلكى بىلمەس "ئىركى"بىر ئوت مەندە بار،
مۇنچە سەن ھۆسنۈڭگە مەغرۇر... مۇنچە كىبرىڭ سەندە بار،
مەنمۇ ئىبىناي ئەي مۇقىمى تاكى جانىم تەندە بار.
مەن ئۆزۈم ھەرجايدا مەن، كۆڭلۈم - خىيالىم سەندىدۇر،
ياخشى قىز دەردىڭدە ئۆلسەم، ئوت - ئۇۋالىم سەندىدۇر.

1974 - يىل دېكابىر، قەشقەر.

① يەتتە ئاشىق — ئەنئەنىۋى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە گۈل ۋە بۇلبۇل، لەيلى - مەجنۇن، پەرھات - شېرىن، يۈسۈپ - زىلەيخا، ۋامىق - ئۇزرا، تاھىر - زۆھرە، غېرىپ - سەنەم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تەبەسسۇم قىلدى شۇ بەختىم يەنە بىر ئۇلتىپات ئەيلەپ،
گۇزەمنى شۇنچە بۇلبۇللار قاتارى سايرىتىپ كەلدىم.

تەشەككۇر پارتىيەم دانا، كۆڭۈلنى ئەيلىدى خەندان،
كۈلۈپ "ئېركى" گېزىت دوستۇم قېشىڭغا مەن يېتىپ كەلدىم.

1979 - يىل ماي، قەشقەر.

## يېتىپ كەلدىم

چاقىردى يېڭى دەۋرانىم، قېشىڭغا مەن يېتىپ كەلدىم،
قولۇم كۆكسۈمدە جان خەلقىم، ئىشىڭغا مەن يېتىپ كەلدىم.

سەپەرگە، چوڭ سەپەرگە پارتىيەم بەردى ئۇلۇغ بۇيرۇق،
يۈرۈشكەن كاتتا كارۋانغا ئۆزۈمنى مەن چېتىپ كەلدىم.

تۈزۈپ ھەم سازلىدىم سازنى، زامانلاشماق مۇقامىغا،
ئىجات مەيدانىغا شېرى ئېتىمنى سەكرىتىپ كەلدىم.

ئىلىم - پەن قىزلىرى تاتلىق كۈلۈپ چىللايدۇ ۋەسلىگە،
ئۇنىڭ شىرىن لىۋىدىن مەن كورۇك ئازراق تېتىپ كەلدىم.

كىرىشتىم ئەمدى خىزمەتكە، ئېلىمنىڭ خىزمىتى — پەخرىم،
كۆكۆل گۈلزارىنى شۇ تۈيغۇ بىرلە ياشنىتىپ كەلدىم.

"بەخت" دەپ بىر گۈزەل سۆز بار، بەخت ھەركىمگە ھەرياگزا،
بىراق مەن ئەلگە ئىشلەشنى بۈيۈك بەختىم ئېتىپ كەلدىم.

شۇ زاماندا سەن ئۈچۈن قويدۇم قەدەمنى تۈنجى رەت،
يېزىۋەتتىم، سۆيگۈمنى سۆيگۈ دېدىم. مەھبۇبىمغا خەت:
"ئۈشبۇكۈن قىلدىم ۋەتەن ساقلاش ئۈچۈن جەڭگە نىيەت،
نىيىتىمگە بول نىيەتداش. سۆيگۈمىز بولسۇن ئەبەت.
توي ئۈچۈن شۇنداق مۇھىم خىزمەت تۇرۇپ پۇرسەت ئەمەس."

ئوت بولامدۇ ئىشق ئوتى، سېنىڭ ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا؟!
خۇددى ئۇ بىر جىن چىراقتۇر، سەن قۇياشنىڭ نۇرىدا.
بىر مۇھەببەتكى، مۇھەببىتىڭ مۇھەببەت بابىدا.
بولغۇسى بارلىق مۇھەببەتلەر كېلىپ ئاڭا پىدا.
ئەكسىچە پۈتلاشمىغى مۇمكىن ئەمەس، رۇخسەت ئەمەس!

تۇپرىقىڭنى كۆزگە سۈرتەي، تۇتىيادەك ئۆز ۋەتەن،
سەنسىز ئادەم — كورغا ئوخشاش، سەن كۆرەرگە كۆز ۋەتەن،
قەدرى بىر تۇپ يانتىقىڭ، مىڭ يىل يازارغا سۆز ۋەتەن،
شايىدىن، كىمخاپتىن ئارتۇق سەندە كەيسەم بوز ۋەتەن،
لاي سۈيۈڭ ئالدىدا كەۋسەر شەربىتى شەربەت ئەمەس.

ئىززىتىم شۇ، ئۇشبۇ دۇنيادا ۋەتەننىڭ ئىززىتى،
سەن ئەگەر بولغاندا خار، زىممەمدە مەسئۇلىيىتى،
بۇنچىلىك ھېس يوق ئىكەن، ئارتۇق ماڭا "ئادەم" ئېتى،
كىم تاپارساتماق بىلەن ھۆرمەت، ۋەتەننىڭ ھۆرمىتى،
كاتتا خائىنلىق تومار ئۇ، ھەچقاچان ھۆرمەت ئەمەس.

قانچە ئالىم، پەيلاسوپ ئۇ، كەشپىياتچى بولسا ھەم،
قانچە باتۇر-قەھرىمان ئۇ، ئاپتوماتچى بولسا ھەم،

## ۋەتەنگە سوزۇم

### (مۇخەممەس)

جەڭگە سال، ئەژدارغا سال، قايتسام ئۆلۈم، خىزمەت ئەمەس،
ئەڭ قىيىنغا ئەمرى قىل، بىر ئاز قىيىن مېھنەت ئەمەس،
سەن ئۈچۈن كورسەم جاپا، راھەت ماڭا، كۈلپەت ئەمەس،
چۈنكى ھېچنەرسە ماڭا، سەندەك يېقىن ئۈلپەت ئەمەس،
شان ئەمەس، شەرەپ ئەمەس، قەلبىمگە كۈچ - قۇۋۋەت ئەمەس.

بارمۇ بىرنەرسە كىشىگە ۋەتىنىدەك مۆھتەرەم؟
باقسا ھارماي شۇنچە قىلسا، بەرسە نېمەت، بەرسە دەم،
بەرسە ئۇلاسەڭ قوينىدىن ئۇ، ئۈچ مېتىرلاپ جاينى ھەم،
ئىشلىمەك ۋەتەن يولىدا! بەلكى كورمەك دەرت - ئەلەم،
بىر ۋەتەن پەرزەنتىگە، بۇ، نە ئۈچۈن لەززەت ئەمەس!؟

تۇتتى دەۋران ئەقلۇ - ئىدرەك مەيلىرىدىن ماڭا جام،
ئىككى ئوت باغرىمغا تەگدى، بىر ۋاقت - بىر چاغدىلام،
بىرسى، سەن ئەي مېھرىۋان تۇققان ئانام، باققان ئانام!
بىرسى بىر مەھبۇب ئوتى، پاكىزە سۇرەت، ياخشى نام،
جۇپلىشىپ كەلمەك ماڭا، ئامەت ئىدى، ئاپەت ئەمەس.

سېنى چوڭقۇر سۆيمىگەن قانداق يۈرەك بولسۇن بىكار.
سېنى مەزمۇن قىلمىغان قانداق تىلەك بولسۇن بىكار.
ساڭا ئىش كۆرسەتمىگەن قانداق بىلەك بولسۇن بىكار.
ۋەتىنى يوق بىر كىشى قانداق كېرەك بولسۇن بىكار...
چىقسا ھەم ئاسمانغا ئۇ، شەۋكەت ئاڭا شەۋكەت ئەمەس.

ئىلمۇ-پەنگە ۋەتىنىم يۈردۈك بۈگۈن، روھىم بەلەن!
ئارزۇيۇم شۇ ئىدى، بىر كۈلسە دەپ بىزنىڭدە پەن...
قىز ماڭا شۇ چاغدا قىز. تاتلىق ماڭا شۇ چاغدا تەن،
بىر كورۇپ ئۆلسەم تەرەققى گۈللىرىن يۇرتۇمدا مەن؛
ياق ئۆلۈپ، ئۆلمەس ئىدىم! بۇنداق ئۆلۈم ھەسرەت ئەمەس.

كۈچ بۈگۈن شەھەر-يېزاڭدا ئىلمۇ-پەن دۇنياسىغا،
خاتىمەك بەر "ئېركى" ئۇششاق ئائىلە غەۋغاسىغا،
ئايىغا قول بەر، مارسنى سۆيگىن، كوي ئىلىم رەناسىغا،
مەيىنى قۇي "ھەييام" كەبى، تەتقىقتا ئالتۇن كاسىغا،
يۈكسۈلۈش ھازىر تىلەك، باقىيسى چوڭ مەقسەت ئەمەس!

1979-يىل ماي، قەشقەر.

قانچە شائىر، قانچە ماھىر، زور ئىجاتچى بولسا ھەم،
بولسا ئەمما باغرىدا ۋەتەن سويۇش — بىر نەرسە كەم،
خۇددى ھېسسىز بىر ماشىنا، خىسلىتى خىسلەت ئەمەس.

"ياتقا سىڭلىنان بولغىچە، يۇرتۇڭدا بول ئۇلتان" ئاخىر،
ئۇشبۇ تەمسىلنى دىدىم مەن، ئۆز - ئۆزەمگە قايتا بىر،
خۇددى بىر گۈلسەن ئەگەر، بولساڭمۇ "سەھرايى كەبىر"
مەن ئۈچۈن سەندىن جۇدالىق، بۇ قىيىن، بۇ بەك ئېغىر،
كوتىرىش "پامىر" تېغىنى، بۇ ئېغىر ھەركەت ئەمەس.

ئۆلسە ئۆلمەك، كۈلسە كۈلمەك — چىن قارارىم ئۆز ۋەتەن،
ئىپتىخارىم، ئېتىۋارىم، كۈچ - مادارىم ئۆز ۋەتەن،
ئەڭ تەرەققى بىر جامالىڭ، كوزخۇمارىم ئۆز ۋەتەن،
ھەر قېتىم شېئىرىمدا ئېيتقان، ئۇ "نىگارىم" ئۆز ۋەتەن،
مەن ئۈچۈن ھەرقانچە جەننەت، سەنچىلىك جەننەت ئەمەس.

"جان" دىگەننى مەن ئۈچۈن، تەن شىشىسىدە ساقلىماق،
شۇ ئۈچۈنكىم، ياۋ بىلەن بىر نەيزىۋازلىق ئوينىماق،
تىغ تۇتۇپ، ئات ئويناتىپ دۈشمەننى قوغلاش ئىشتىياق،
قان توكۈش، ئىنسان ئۈچۈن بىر نامۇناسىپ ئىش، بىراق،
دۈشمەنىڭ كوكسىنى يارماق بۇ گۈزەل، بۇ سەت ئەمەس.

گاگدا تۇردۇم، مۇزدا ھېچ توڭلاتمىدى ئوتۇڭ مېنى،
"جىلۋە" ئەيلەپ كەلسە دۈشمەن — ساتمىدى ئوتۇڭ مېنى،
ئوققا كەردىم مەيدىنى، قورقۇتمىدى ئوتۇڭ مېنى،
تۇر دىدى، كۈرەش دىدى، ئۇخلاتمىدى... ئوتۇڭ مېنى،
مەندە باركى ئاشۇ بىر ئوت، قانچە ئوت دەھشەت ئەمەس.

## گۇل بېغىڭغا شەيدا مەن

قەلەمدىشىم ئۇركىلەي!
"ۋەتەن" دىگەن تىلىڭدىن.
سايراي ساڭا جۇر بولۇپ،
ئۇمۇر بويى دىلىمدىن.

گۇل بېغىڭغا شەيدا مەن —
بۇلبۇل ئۇزەم ۋەتەنگە.
بۇلبۇل بولۇش چوڭ پەخرىم،
ۋەتەن ئاتلىق چىمەنگە.

چىمەنمۇ بار، دۇنيادا،
بۇنداق ئىسىل چىمەن يوق.
ۋەتەنمۇ بار دۇنيادا،
بۇنداق ئىسىل ۋەتەن يوق.

باغ دىگەندە خازانسىز،
تاغ دىگەندە لالىزار.
ئاستى پۇتۇن كۇمۇش، زەر...
ئۇستى ئۇنىڭ ئالمىزار.

## ئىلىم

ئالەم گويا تەن، ئاڭا جان ئىلىم،
بولغاچ دەس تۇردى بۇ جاھان، ئىلىم.

ئاسمانغا شوتا، ئوكيانغا كوۋرۇك،
تارختا ماتور، ئاشۇ — نان ئىلىم.

پەخىرلەنمە ھېچ پۇل، جامال بىلەن،
ئىززەت، ئىپتىخار، شەرەپ - شان ئىلىم.

بىزدە پارتىيەم بەردى ئىشتىۋار،
تاپتى قەدرىنى بۇ زامان ئىلىم.

ئالىمغا پۇرسەت، سەنئەتكە ھورلۇك...
كوتەرمەكتە قەد ھەر تامان ئىلىم.

يېڭىلاندى دەۋر، چوڭ بىلىم كۈتەر...
بەخت ئۇچۇن كېرەك "ئېركى" جان ئىلىم.

1979 - يىل ئىيون، قەشقەر.

## خەير، خوش 30 يىللىق بۇرادەر

تاشلىۋەتتىم بولدى ئۈچ ئاي موخۇرەك.
قىلمىدى كوڭلىم ئۇنى ھەرگىز تىلەك.
بەردى ئۇمرۇم يېڭى ئۇن يىلدىن دېرەك.
مېنى لازىم بولدى چوڭ تەبرىكلىمەك.

كۈندە ئۈچ قاپ كاپپەن يەتمەس ئىدى،
كۈ، ئېغىزدىن سۈبھى — شام كەتمەس ئىدى،
قوزى يىسەممۇ ھساپ ئەتمەس ئىدى،
دەينتى كوڭلۇم ئارقىدىن بىرتالنى چەك!

گۈنى چەكتىم ئاچچىقىم كەلگەندىمۇ،
يەنە چەكتىم تاتلىقىم كەلگەندىمۇ،
تېخى چەكتىم ئامرىقىم كەلگەندىمۇ...
بىلمىدىم كۈ قايسىغا دەرمان دىمەك؟

بىرنى چەكتىم كۈيۈۋنى ئۇخلاپ بولۇپ،
بىرسى كەتتى قوسىقىم توخلاپ بولۇپ...
ئېخى ئوتتۇز ياش تۇرۇپ رەڭگىم سولۇپ،
تۈزىدى ئۆز پەسلىسىز ياشلىق چېچەك.

بەختىم بىرى: تۇغۇلدۇم،
بۇنداق گۈزەل ۋەتەندە.
بەختىم بىرى: بىللە مەن،
يار بىلەن بۇ چىمەندە.

ئالتۇن كۈلكە، خۇش ئاۋاز،
قولتۇغۇمدا نىگارىم.
بۇ بەختنى كىم بەردى؟
مۇشۇ يېڭى باھارىم.

1979 - يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

"ئىش" دېسە نومۇس بۇ كۈن باش قاشلىماق...
بۇ ۋەتەن زامانىۋى بولسۇن دېسەك.

سەن بىلەن ئۆلپەتتىكى ئوتتۇز يىلىم،
تاپتى بارى — ئىككى غاڭزا بىر چىلىم،
ھەم خورازدەك قىچقىرىشنى بۇ — گالىم،
ھەر قىچىرسام بىر ئېسىلدىم ئۆپكىدەك.

بولدى كەتكىن، بىۋاپا، زالىم نىگار!
تۇتمىغايمەن سېنى ھەرگىز ئەمدى يار،
"ئېركى" لەپ، ئېزىپ - تېزىپ كەلسەڭ خۇمار!
سەن خۇمارنى مەن قىلاي چا'ما - گىزەك!

1979 - يىل دېكابىر، قەشقەر.

ئۈنى تۈتتۇم قانچە ئۇن يىللاپ ئاداش...
تاپتى ئۆزۈندىن زىققە مەيدەم، ئاقنى باش،
ھەرقەدەمدە بىر يوتەل، ئۇن ھاسىراش...
تاپتى ئۆزۈندىن نەچچە ئۆللەتنى يۈرەك.

چەكمىسەم بولدۇم ئۇرۇشقاق شۇ زامان،
ياخشى گەپمۇ تۇيۇلۇپ گويا يامان،
بىر قىزىل يۈزلۈك يىگىت ئەردىم ئامان،
قىلدى رەڭگىمنى تاماكا زەڭگىدەك.

بالىلىرىم ئالدىدا چەكتىم تۈردى سەت...
چەكتى مەندىن ئۆگىنىپ ئوغلۇم سەمەت!
ئاقمىدى ھېچ چەكمە دەپ قىلسام نەسىھەت،
مەن ئۆزەم چەككەچ سوزۇم بولدى پۇچەك.

موخۇرەك قالسا تۈگەپ، كالپۇك شوراپ...
بىر چېكىم دەپ ئۆزگىدىن يۈردۈم سوراپ،
يەنە سورىدىم چەككىنى قەغەز ئوراپ،
بۇ قىلىق قىلدى مېنى دىۋانىدەك.

بىر رەقىپنى ئەڭ يېقىن دوست چاغلىدىم،
يۈرىكىمنى ئىس - تۈتۈندە داغلىدىم،
تاشلىماققا "جادۇ"نى بەل باغلىدىم،
مەن دىنىم ئاخىردا دوستۇم جان كېرەك.

دەۋر ئەمرى موخۇرەكنى تاشلىماق،
ساق بەدەندە يېڭى خىزمەت باشلىماق،

قاپتىن قۇتۇلسۇن دۇمبىلەر، ماشىنىلار قىغ ئەپكىلىپ.
چىقسۇن سىيالكا ئۇستىگە دېخان قولىنى سەپكىلىپ.
تىكسۇن ماشىنا لاي كېچىپ، شال ـ مايسىلار ئۇ، تەپكىلىپ.
كوپلەپ ماشىنا ئىشلىتەلىك، بولسۇن يېزام زامانىۋى!

بىتون بىلەن زاكو ياساڭ، سىمونت بىلەن ئۇستەڭ ـ
ئېرىق،
ئويناپ ـ كۈلۈپ ئاقسۇن كۈمۈش، شوخ قىز كەبى
ۋىلىق ـ ۋىلىق،
سۇدۇر زىرائەتنىڭ جېنى، سۇدىن كۈلەر دېخانچىلىق...
سۇغا چۇقۇر ئىخلاس قىلىڭ، بولسۇن يېزام زامانىۋى!

يولداش، بېقىڭ قوي ھەم كالا، گوش غولدىسۇن
قايماقلىرىم،
سەكرەپ قوزا، مورەپ موزاي، ئوينىاقلىسۇن
تايچاقلىرىم،
ھەر بىرسى بىر قىغ زاۋۇدى... شۇنداق مېنىڭ
ئامراقلىرىم.
قىغقا ئاساس ـــ چارۋا مېلىڭ، بولسۇن يېزام
زامانىۋى!

كەلدى ۋاقىت! دېخان بۈگۈن، چوڭ سەكرىسۇن،
چوڭ تاقلىسۇن!
ئەمگەك بىلەن بولسۇن غەنى، ھەممە بۇنى بەك
ياقلىسۇن...
ھەم رادىيو، ھەم تېلىۋىزور، ئۆيدە گىلەم ئوت چاقنىسۇن...

# بولسۇن يېزام زامانىۋى

## (مۇرەببە)

ئىشلەيلى بىز دوستۇم كېلىڭ، بولسۇن يېزام زامانىۋى،
ئىشلەپ بېيىش سازىن چېلىڭ، بولسۇن يېزام زامانىۋى،
پەن ۋە ھۈنەر ئىشقا سېلىڭ، بولسۇن يېزام زامانىۋى،
كوپ ئىشلىگەن كوپرەك ئېلىڭ، بولسۇن يېزام زامانىۋى.

ھەر خىل ماشىنا يايرىسۇن، راسلايلى بىز چوڭ-چوڭ ئېتىز،
چاپسۇن پولات تۇلپار مىنىپ باتۇر يىگىت، مەردانە قىز،
قىلسۇن ماشىنا بىز بىلەن، ئۇ — بىرگە ئىش، قوللايلى بىز...
تاشلار كېسىپ گوھەر تېرىڭ، بولسۇن يېزام زامانىۋى!

ئۇشاق ئېتىز، ئوي-دوڭ، چۇقۇر... ھېچ تۇرمىسۇن مايماق ئېرىق،
كوللەر ياساڭ ساسلارنى سىز، شات ئۇينىسۇن ئۇدەك، بېلىق...
ئوسسۇن ئىگىز بۇغداي، قوناق، بولسۇن خېجىل پەتەك تېرىق،
كوپ دان ئۇچۇن غەيرەت قىلىڭ، بولسۇن يېزام زامانىۋى!

ئۇيقۇڭنى ئاچ ئەي "ئېركى" سەن! شېرىڭدا قىل
جەۋلان ئىسىل.
ئەسىر ئېيتەر سوزلەشەلرىسىڭ، بولسۇن يېڭى
زامانىڭى!

1980 - يىل يانۋار، قەشقەر.

ئەبرىك ئۆتەر بارلىق ئۆلىك، بولسۇن يېزام
زامانىۋى!

دېخانلىرىم، دادۇيلىرىم ئەمگەك بىلەن چىقسۇن
بېيىپ،
ھور قىزلىرى يوپكا شىرىس، دېخان دۇراپ پەلتو
كىيىپ...
ئىشلەپ بېيىش ئەڭ ياخشى ئىش، زور ئىپتىخار...
ئەمەس ئېيىپ،
بۇ ھەقتە چىڭ باغلا بىلىك، بولسۇن يېزام
زامانىۋى!

مەكتەپ سېلىپ، يەسلى قۇرۇپ... رەت - رەت
ئىمارەتلەر كۆلۈپ،
تۇرخۇنلىرى كوكنى سويۇپ... تۇرسۇن سانائەتلەر
كۆلۈپ،
دەشتە زاۋۇت، چولدە شەھەر... كوركەم قىيابەتلەر
كۆلۈپ...
شۇنداق ھاياتقا ئاتلىنىڭ، بولسۇن يېزام
زامانىۋى!

ئىشلەڭ بۈگۈن، ئىشلەشكە پەيت كەلدى، ئەجەپ
دەۋران ئىسىل،
بولغاي چوقۇم راست ئىشلىگەن ئىشچى ئېسىل،
دېخان ئىسىل...

بىشىمغا كۈن چۈشۈپ ئەردى، بولەك دوست بولدىلەر بىزار.

جاھاندىن ئۆتتى نى - نى پادىشالار، ئۇنتۇلۇپ كەتتى......
بىلىمگە ئېتىقات قىلغان "ئارستو"نامى ھازىر بار.

كىشى ئۆلگەي ئۆلۈم بىرلە، بىراق ئۆلمەس ئىلىم بىرلە...
تىرىك دەپ "قەشقىرى مەھمۇت" بىلىمدىن ھەممىمىز ئىقرار.

جاھالغا بولمىغىن مەغرور، پۈلۈڭگا ئىددىئا قىلما،
ئېرىپ پۈتكەي ۋاقىت يەتسە، ئۇلار گويا مىسالى قار.

"بىلىمنىڭ مۇخلىسى مەن" دەپ، دورۇستۇر ئېپتىخار قىلساڭ،
تېرىقتەك بىر بىلىم ئالدىدا تاغدەك ئالتۇنۇڭ بىكار.

بىلىم ئىنسانغا بىر كۆزدۇر، بىلىپ ماڭماق ئۈچۈن يولنى،
چۈشەر ئوتقا، كىرەر لايغا... كىشى كۆز يوق ئىكەن تەكرار.

بولۇپ يۈردۈم زامانلار قىزغا خۇشتار... كەلدى سەرسانلىق!
ئۆمۈر زىخلاشتى ئەمدى بولغىنىمدا ئىلىمگە خۇشتار.

## بىلىم دەركار

(قەسىدە)

بىلىم قەدرىنى بىلمەككە، يەنە دوستۇم بىلىم دەركار،
ئۇتۇن بازارىدا يوقتۇر جاۋاھىرغا پەقەت بازار...

ئاجايىپ دۇررى - ياقۇتلار نادانىنىڭ كوزىدە بىرتاش...
كورەر كوز بولمىسا سەتتۇر، نۇچۇك ساھىپجامال دىلدار.

بىلىم تەھقىق ئەزىز نەرسە، بىلىملىك ئالدىدا ھەرچاغ...
بىلەر زەر قەدرىنى زەرگەر، بىلەر گۈل قەدرىنى گۈلزار.

جاھاندا يار تولا ئەمما، ۋاپاسىزدۇر، جاپاسى كوپ...
نۇچۇك ئىزدە، تاپالمايسەن بىلىم ئوخشاش ۋاپالىق يار.

كىشى ئوبدانىنى دوست تۇتسا، ئېتەر ئۇ، ئوزىدەك
ئوبدان...
بىلىم — ئىرپانىنى دوست تۇتساڭ، بىلىم دوستىنى
قىلماس خار.

بىلىمنى دوست تۇتۇپ ئەردىم، بىبىشمنى سىلىدى
ئاخىر...

بوشۇكتىن گورگە كىرگۈنچە ئوقۇشنى ئېيتتى
پەيغەمبەر...
جاھاندا بارچە ئىشقا ئىلمى داھى، ئىلمى بايراقدار.

ئۇيالما بىلمىگەن نەرسەڭ سوراشتىن بولسەن ئالىم...
نومۇسنى «ئېركى» سەن بىلسەڭ، بىلمەسلىكنى
كورگىن ئار.

1980 - يىل فېۋرال، قەشقەر.

ئۇمۇر زىخلاشتى دەپ ھەرگىز ئۇقۇشنى قويىمغىن
قاتلاپ.
ياشانغاندا بىلىمدەك يارىشار ھىچنەرسە يوق ئى يار.

كىچە بىر ئامغا باقسام، چىقتى قوگىغۇز يامشىپ
قىرىق بىر.
يىقىلدى قىرىق قېتىم، ئاخىرقى بىردە بەردى يول
دىۋار.

ئۇمۇردىن بار ئىكەن بىر لەززە تاكىم، ئىلىمگە
سەرپ ئەت.
بۇنىڭدىن يەنىسە ئەلگە قىلچە پايداڭ شۇ غەنىمەت كار.

بىلىمنىڭ نەپىنى ئېيتسا، دىگەنتىم: "بىلىمەن!..."
بىر چاغ،
بىلىم يۈزمىڭ مىسىتىر تۇرسا، گۇنى بەك قىسقا
ئۇيلاپ تار.

كوززۇمنى ئاچىنى ئىرپان تاكى مەن بىلمەسلىكىم
بىلدىم...
شۇنى بىلگەنگە ھەم قىلدىم بىلىمگە شاتلىقىم ئىزھار.

بىلىم بەرسە ئەگەردە بىر چۇمۇلە تونۇدۇم ئۇستاز.
بىلىمدانىنى ھەرەم يەگىلىغ تاۋاپ قىلماققا مەن تەييار.

هەر قاچان هەر بىر كىشى "قەشقەر" دىسە
ئامراق ساڭا،
ساڭا جەننەت تۇپرىقى بولماقتا هەيران قەشقىرىم!

تۇپرىقىم سەن، دورا سەن: سۈرتسەم كوزۈمگە توتىيا...
خاسىيەتلىك كىميادۇر سەندە ئۈسكەن هەر گىيا؛
بۇ جەھەتتىن مەن ئەمەس قەشقەرغە دۇنيا مەھلىيا،
ئىپتىياجسىز ئاغرىسام، ھەتتاكى لۇقمان قەشقىرىم!

تۇپرىقىم سەن شۈنچە مۇنبەت: تېرىسام ئالتۇن ئۈنەر،
شۈنچىلىك ئوز يۇرت دىگەن، يانتاقلىرىڭ گۈل
كورۈنەر...
ئىشلىسەڭ ھەر ئىنگىلىك گۈللەپ ئۇسەر ھەر خىل مىۋەر.
تاغلىرىم كوپ، سۇلىرىم مول... ياخشى ئىمكان،
قەشقىرىم!

تۇپرىقىم سەن ئىككى ئالتۇن: ئاستى - ئۈستى
ئاق - قارا،
قارا ئالتۇندۇر كومۇر، ئاق ئالتۇنۇم پاختام، قارا؛
نىفتىم سەل چاغلىما، ھەتتاكى داڭلىق خەلقارا...
ئاستى شۇنداق مايدا دەريا، مايدا ئوكيان قەشقىرىم!

تۇپرىقىم سەن، شالۇ - بۇغداي قاردىسام چەكسىز دىڭىز...
مەرۋايىتتە يالتىرايدۇ دانلىرى ئاندىن سېرىز،
يايلىقىمدا قوزا سەكرەپ، ئاقتى ئەيرانۇ - قىمىز...
ھەر قاياندا نازۇ - نىمەت كەڭ - پاراۋان قەشقىرىم!

## قەشقەرىم

(مۇرەببە)

ۋالىدەمسەن: مېنى تۇققان، مېنى باققان قەشقەرىم!
قان بېرىپ، ئاق سۈت بېرىپ كوكسۈڭگە ياققان قەشقەرىم!
ئەڭ بۇرۇن كىندىك قېنىم باغرىڭغا ئاققان قەشقەرىم!
سەن ئۇلۇغ سەن كەئبىدىن، جان قەشقەرىم، جان قەشقەرىم!

ئوخشىماس ھېچ گۈل ئەگەردە سېنى بىر "گۈل" دەي دىسەم،
قەدىمىڭ تېز دۇلىدۇلۇمدىن، سېنى دۇلدۇل دەي دىسەم،
ئاي دىدى ۋە كۈن دىدى... بۇ نامىغا ماقۇل دەي دىسەم،
بوش كېلور "ئانام" دىگەندىن باشقا ئۇنۋان قەشقەرىم!

تۇپرىغىم سەن، ئوخشىماس دۇنيادا ھېچ تۇپراق ساڭا،
زەر دىگەن، گوھەر دىگەن تەئرىپ كېلور كەمراق ساڭا،

ئىككى چەتتە كوكنى سويگەن قىسرى ـ ئايۋان
چـوڭ بىنا،
ياش تىرەكلەر بۇ بىنانىڭ ئالدىدا ئوينار يانا.
كۈنــدا سايــراپ بىر تۈمەن قۇش دەۋرــگە
ئىپتــار سانا..
بىرسى مەنكىم شۇ تۈمەن قۇشنىڭ غەزەلخان قەشقىرىم!

ھەر تەرەپتە موتوتسىكىل، ھەر تەرەپتە ئاپتوۋۇز،
كۈلتۈرۈشقان ۋەلسىپتتە يارىشىپ قىز، بەكمۇ ئۈز،
ئالدى ھەر خىل تېلپۋىزورلار ئىشچى، دىخان، موزەدۈز
يۈكسىلىشتە شۇ يوسۇن قىلدىڭكى جەۋلان قەشقىرىم!

بىر تەرەپ زاۋۇت ئۈنىگدا، دەل گۈدۈكلەر ھۆكىرەر،
بىر تەرەپ سەھرا قاراڭ، قىردا ماشىنا گۈكىرەر،
بىر تەرەپ ئىسرى ئېتىز، تۈپ ـ تۈز ئېرىقتىن سۇ كىرەر،
بىر تەرەپ تاغ، بىر تەرەپ باغ لالە رەيھان قەشقىرىم!

سەندە مەھمۇت قەشقىرىدەك ئۆتتى كوپ دانالىرىم،
شائىرە ئامانىسادەك ئىلمىلىك رەنالىرىم،
شۇ كىشىلەردە مۇجەسسەم ئىدرىكىم ـ مەئنالىرىم،
سەن ئۆزەڭ شائىرغا باي، ئالىمغا بىركان قەشقىرىم!

مەدرىسەڭنىڭ كوپلۈگى ـــ بەرگىدىكى ئىرپاندىن دېرەك،
خەلقىمىز ھەرچاغ بىلىمگە، كوپ تىرىشقاندىن دېرەك؛
ئال "قۇتاتقۇبلىك" دىگەن ئۇ، كاتتا داستاندىن دېرەك،
مەئرىپەتتە بىزنى ئۇ، قىلدى نامايان، قەشقىرىم!

تۇپرىقىم سەن، دېھقىنىڭ ئۆيىدە پاخلان قايىنىغان،
قويچى "ئەتكەن چاي" ئىچىپ ئاق ئۆيدە مايلەر
چايىنىغان،
تىپىشىپ بۇلبۇل بىلەن گۈل شات بويۇنلار قايرىغان،
كۈندۈزى ئىش، كەچتە قاينار نەغـمـە ھەريان
قەشقىرىم!

تۇپرىقىم سەن، گاڭ - پولات... مىللەتلىرى چىن
ئىـتـتـىپاق،
قول بېرىشكەن، ئەھدى تۈزگەن دىلدا قويماسقا نىپاق.
ئىتتىپاقنى تونۇغان روناق تېپىشقا چوڭ ياراق...
باللىرىڭ بىز، دۈشمەنىڭگە كوكسى قالقان قەشقىرىم!

تۇپرىقىم سەن، ئانا يۇرتۇم مەككە سەن، مەدىنە سەن،
سۇلىرى زەمزەم ۋەيا ئابى ھايات دىمدە سەن...
نەنى ئاچسام زەر، جاۋاھىر، بىرلىيانت خەزىنە سەن،
مىسرى ئالدىدا يۇسۇپ كوڭلۈمگە كەنئان قەشقىرىم!

تۇپرىقىم سەن ھەققى چوڭ: بەردىڭگى سۇ، بەردىڭگى تۇز...
مۇشۇ ھەققىڭ ھورمىتى، ئىشلەي كويۇپ - پىشىپ تومۇز؛
كېچە كەلسە باش بېرىش يىگىت ئۈچۈن ۋەتەنگە ئۇز،
ئوز ئىتىڭ مەن، ئوز بالاڭمەن ساڭا قۇربان، قەشقىرىم!

جانغا راھەت بىر شۇمۇرسەم سەندىكى تاتلىق شامال...
جانغا راھەت مەنزىرەڭ نىرۋانى شات ئەيلەر ئامال؛
سەن بولۇپسەن بۇ زاماندا باشقىچە ساھىبجامال،
مەدىنىيەت بىرلە زىننەت بەردى دەۋران، قەشقىرىم!

# بىرلىك ئۈچۈن ئايرىم ئىشلەش

(يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىگە
قارىتا ھەسسىيات)

قانداق قىلساق تونۇرلاردا نان ئوخشايدۇ،
قانداق قىلساق ئېتىزلاردا دان ئوخشايدۇ،
بېرىش كېرەك ئوخشاتقانغا چوڭ مۇكاپات،
شۇنداق قىلساق ئىشتا سۈپەت، سان ئوخشايدۇ.

قانداق ئىشقا سەن "كوللېكتىپ ئىشلەش" دەيسەن؟
ئازلا ئىشقا ئون ئادەمنى بەلگىلەيسەن...
بىر ئېتىزغا ئەللىك ئادەم كىرىۋالسا،
كىم ئىشلەيدۇ، كىم ئۇخلايدۇ بىلەلمەيسەن.

ئولپاك ئىشتا، ئەمگەكنى ئالار ئوغرى،
مەشغۇلاتنى ئائىلىگە بەرگەن توغرى؛
بىرلىك ئۈچۈن ئايرىم ئىشلەپ، ئۈنۈم تىكلەپ،
ئىشتىن ئالغان دارامەتتىن كۈلگەن توغرى.

بىر كۈن ئىشلەپ، كىم پۈتتۈرسە ئون كۈنلۈك ئىش،
دەل توغرىدۇر ئون كۈنلۈك ئىش ئەجرىنى بېرىش؛
ئىشتىن مەقسەت — كۈن ئۆتكۈزۈش ئەمەس بىزدە،
تۇرمۇش ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن قىلماق چېلىش.

مەن نۇچۇك سويمەي سىنى، قوشاق قوشۇپ، ئەشئار يېزىپ،
مەن نۇچۇك تۇتماي پەزىلەت مەئدىنىڭدىن دۇر قېزىپ؟!
مەدھىلەردىن ئاسمسام بوينۇڭغا مەرۋايىت تىزىپ،
گەر قازا قىلسام كېتەر كوڭلۇمدە ئەرمان قەشقىرىم!

مەن نۇچۇك سويمەي ۋەتەننى، تۇرسا ئۇ، ۋىجدان ئىشى،
يۇرت سويۇش، ۋەتەن سويۇش، ئەلنى سويۇش ئىنسان ئىشى،
چوڭ كىتاپلاردا دىگەن: ۋەتەن سويۇش - ئىمان ئىشى،
بولمىغاي ۋەتەن سويۇشتىن كاتتا ۋىجدان، قەشقىرىم!

ھىدلىسام بىر ئەترە - ئەنبەر، مۇشكى - زەئپەر قەشقىرىم،
سەن جەنۇپتا نۇرى يارقىن كاتتا ئەختەر قەشقىرىم!
بولسا دوستۇمغا سويۇملۇك ياخشى دىلبەر قەشقىرىم،
نۇرمۇھەممەت ئېركىگە جان قەشقىرىم، جان قەشقىرىم!

1980 - يىل فېۋرال، قەشقەر.

# بىر قىسىم „توي» توغرىسىدا

(هەجۋى)

## I

### تويدىن بۇرۇن

چىقتى هازىر "توي" قىزىق:
تويدىن بۇرۇن بىرنەچچە توي،
تويغا تەييارلىق تويۇڭغا،
ئالتى خىل ئاش، يەتتى قوي.
قانچە شىملىق، قانچە تونلۇق،
قانچە ياغلىق، قانچە رەخت...
تويلىقىڭ ئۇ، قانچە دوللار؟
دەردى سەر ئۇ قانچە كوي؟

تەك تەقسمات — كەپتەرگە دان چاچقان ئوخشاش،
ئىشچان ھەقنى ھورۇن يەيدۇ چاشقان ئوخشاش...
ئىشچى بوشاپ، دىخان سوۋۇپ شۇ ئەھۋالدىن،
زاۋۇت، ئېتىز بولدى بىرچاغ ئىمجان ئوخشاش.

تاش باسمايدۇ، قۇرۇق گەپنىڭ ئوتتى ۋاقتى،
زامانىمىز ئىش ئەھلىگە ياخشى باقتى؛
ئىش، ئەمەلدىن ئىزدەر بولدۇق ھەقىقەتنى،
بۇ گەپ بۈگۈن ئىشچانلارغا بەكمۇ ياقتى.

ئەمگەك بىلەن بوسۇپ چىقىپ بولغاندا باي،
دىخان ئاكام سارجا كەيسە بەك ياراشقاي...
قاتتىق ئىشلەپ بېيىش دىگەن — توغرى ئىش ئۇ،
دۆلەت گۈللەپ، خەلقىم نۇرلەپ روناق تاپقاي.

1980 - يىل مارت، قەشقەر.

III

## توي ئەمەس، ئۇمانە يىغىش

تويلىشىپتۇر بىرسى باشلىق،
بىرسى بىر جاي كادىرى؛
بولدى بۇ ئىش مال يىغىشقا،
كاتتا پۇرسەتنىڭ بىرى.
چۈشتى يەتمىش يەتتە ئەر - ئايال،
باشقا مالنىڭ سانى يوق؛
ياغدى سوغات، تويچى بولغاچ
"ھەل قىلىش" نىڭ باتۇرى.

## II

### مەسلىھەت چىيى

مەسلىھەت چايغا چاقىرغاي،
ئاز دېسە ئاتمىش كىشى؛
قىزغا تويلۇق ئەپ كېلەر تاس —
كوتىرەلمەي يەتمىشى.
شۇنچە ئادەمگە زىياپەت،
مال قويۇش قىزنىق ئىشى؛
قىلمىغىن دەيسەن خۇدا،
ئادەم ياراتساڭ ھېچ چىشى...

V

## دەۋر تەلىۋى

ئىككى گۈلنى بىرگە قوشقىن،
قىل چىرايلىق، ياخشى توي!
ياخشى توي بۇ: قىلما ئىسراپ...
ئەسكى لاپ بازلىقنى قوي!
بىللە ئوتسۇن، بىللە ئىشلەپ،
ئەڭ ئىناق تۇرمۇش قۇرۇپ...
شۇنى ئويلان، ياخشى بىلسەڭ،
بۇ — ھەقىقى ئابروي.

1980 - يىل مارت، قەشقەر.

## IV

### داغاۋازلىق

توي يېنىشقاي، توت ماشىنا —
ئۇ، شەھەر ئايلانمىسا؛
تويمىغاي شۇنداق "سېلىق" نى،
بىر - بىرىگە سالمىسا.
"ماشىنا قانچە؟ "دىگەي،
سورغايكى "پىكاپ بارمۇ؟" دەپ،
پۇل يەنە لازىم بولارنى،
نى ئىلاج ئويلانمىسا؟

خەلق تۇرمۇشى لايىق بولۇر بېشىگەدىكى —
"سوتسىيالىست بىر ئەل" دېگەن ئالتۇن تاجقا.

دېخانچىلىق مەدەت بەرسۇن سانائەتكە،
سانائىتىڭ ئۇيغۇنلاشسۇن تىجارەتكە.
قايسى بىرسى كېيىن قالسا دەرھال يولە،
چارۋا باقىن، ئۇ يولەكچى زىرائەتكە...

قوشۇمچە ئىش گۈللەپ ئاچسۇن ھەررەڭ چېچەك
دېخان باقسۇن توخۇ - ئۆدەك، قوي ۋە ئىنەك...
گوش، تۇخۇملار كوپلۈگىدىن تاغ ياسالسۇن،
سۈت ۋە قايماق دەريا بولۇپ ئېقىش كېرەك.

تال، ئەنجۈردىن ھەر بىر ھويلا باراڭ بولسۇن،
زوقى كېلىپ ئەلنىڭ بۇگا قاراڭ بولسۇن،
رازى بولۇپ خەلق بازاردىن بۇ يىلقىدەك —
ھەممە يەردە خوشال كۈلكە، پاراڭ بولسۇن.

ئەگشەشنى تۇت سىم ئۈستىدە مىسلى دارۋاز،
ئەگشەك بەردى دەۋرى ساگا، بۇ كۈن بەك ساز...
مەقسەتنى بىل، ئۇسۇلنى ئۇق، كوزلە نىشان!
پەرھات كەبى تاغۇ - تاشنى پىلانلىق قاز ...

ئوت ئۇغرىدەك "تەۋەككۈلچى" بولما ھەرگىز،
ھەر ئىش قىلساڭ پايدا - زىيان ھىساپلا تېز...
كەتمەن چېپىش — مەشق ئەمەس ئۇ، ھوسۇل ئۈچۈن...
ئۈخلاش تۇزۇك، ئىش قىلغاندىن دارامەتسىز.

## ئۇزۇن سەپەرنىڭ يۆنۈلۈشى

ئۇسۇل بولدى چوڭ سەپەردە "تەڭشەش" بۇ كۈن،
تەڭشەش بىلەن تەكشى بولغاي گۈللەش بۇ كۈن،
ئۇ بولمىسا باشنى ياپساق، پۇت ئېچىلغاي،
تەڭشەش بىلەن كۆپ تۈگۈننى سەن يەش بۇ كۈن.

تاماق ئېتىپ تۇز قويمىسا، بولۇر تەمسىز...
تۇز قويدۇم دەپ تۇزلۇق قىلۇر ئاشنى پەمسىز.
ھەر بىر ئىشتا ھەر تەرەپنى تەڭشىمىگەن،
ئىشلەپ ئەرشكە چىققاندىمۇ خاتىرجەمسىز.

كېرەك بىلەن كېرەكسىزنى سەن ئايرىماي،
ئىشلەۋەرسەڭ زىيان - پايداڭ ھېچ بايقىماي...
"زاۋۇت قۇردۇم" — دەپلا كۈلۈش ئەخمەقلىق ئۇ،
ئىقتىسادى ھېساۋاتنى ھېساپلىماي.

تەكشۈرۈپ باق، "ئىقتىسات"قا تۇتقان ئاڭنى،
ھەر ھالقىدا ئىسلاھ قىلغىن كارخاناڭنى.
ئىقتىسادى سىياسەتنى چوڭقۇر ئۆگەن!
چاڭجاڭ قىلما كەسىپ بىلمىسە چوڭ داداڭنى ...

ئىشلىگەن مال ماسلاشقاندا ئېھتىياجغا،
ئاندىن ماڭغاي ئىشىڭ گۈللەپ راست راۋاجغا.

# ئۇزۇن سەپەر كارۋانلىرى

(سىكىل)

## تارىخ دەرسى

يېگى، ئۇلۇغ دەۋران بىلەن يۈز كورۇشتۇق،
كارۋان - كارۋان چوڭ مەنزىلگە قاراپ كوچتۇق.
تۈر ئۇرنىگدىن ئارتتا قالما چوڭ كارۋاندىن،
قۇرۇق گەپلەر قالدى ئەمدى ئىشقا چۈشتۇق.

تارىخ نىمە؟ ئۇ بىر قۇرۇق جىسلا ئەمەس،
ھەر بىر ئىشنى يەكۇنلىگەن ئالىمدۇر، بەس!
قانداق مېگىپ، كىم ئىگىزلەپ، كىم پەسەيدى؟
تارىخ دەرسى مانا موشۇ، كالام خۇللەس.

سەپەردە سەن ئاز ئۇخلىغىن بولۇپ زىرەك،
يەپ ئولتۇرما ھوجراڭدىسەن پاكشەك گىزەك ...
سولدىن، ئوڭدىن كەلگەن ھەر خىل قاراقچىغا،
لاچىن ئوخشاش كوزۇڭ ئوتكۇر بولۇش كېرەك.

1980 - يىل ئاپرىل، قەشقەر.

## جىلك سوتسىيالىزىم

تەشۋىش قىلما، سەت ئىش ئەمەس خەلقىم بېيىش!
ياغ چاينىسۇن ھەر كىم ئىشلەپ توغرا بىر ئىش..
ئاما بېيىش، ۋەتەن بېيىش — ئوخشاش بىر سوز،
سوتسىيالىزىم — ياخشى ئىشلەپ، ياخشى يېيىش.

ئادىللىق شۇ: كوپ ئىشلىگەن چىشلىسۇن كوپ،
ئىشلەپ ئوبدان ئەل باي بولسۇن، دولەت ئوسۇپ...
مانا ۋاقىت. تەرنى توكۇپ قەنتىگنى يە،
يىگىت بولساڭ مەيدانىغا چىق سەپنى بوسۇپ!

چىلىنماقتا ھەربىر سەپتە كورەش سازى،
كوكنى قۇچتى بۇلبۇللارنىڭ خۇش ئاۋازى...
قولى قاتتىق قىزلار چوقۇم ئوتۇپ چىقار،
ئاقماس ئەمدى مىشچان قىزنىڭ غىلجاڭ نازى.

ياشلار تۇرۇڭ! بۇگۇن ئىشلەپ ئوسۇش ۋاقتى،
سول ۋە ئوگدىن كەلسە توسقۇن بوسۇش ۋاقتى؛
چاقىرىدۇ سىزنى جەڭگە ئەزىز ۋەتەن
چوڭ سەپەردە چوڭ سىناقتىن ئوتۇش ۋاقتى...

## سەپەر سىنار

سەپەر سىنار، كىملەر تىپتىك، كىملەر ئەزمى،
كىم لىگشىدۇ، چۇشۇپ قالار يولدا جەزمى.
سەپەرمۇشكۈل ... سەپەر دىسە قورققاق تىترەر،
ۋە لېكىن ئۇ، كۈرەشچانغا گويا بەزمى.

بۇ سەپەردە كىملەر جەسۇر، گەپ شۇ يەردە،
يىگىتلىكنىڭ ئالامىتى — تۆككەن تەردە.
ۋەتەن سۆيسەڭ، ۋەتىنىڭنى روناق تاپقۇز،
كىم ئىشلەركەن، ياخشى قىزدە، ياخشى ئەردە.

ئەللىك تاغار قۇرۇق گەپتىن بىر ئىش ئۇلۇغ،
چېلىشچىغا ھەممە ئىشتىن چېلىش ئۇلۇغ.
"توتلىشىش،" نىڭ ئالى، گۈزەل قەسرى ئۈچۈن،
قويساڭ ئەگەر ئەقەللى سەن بىر خىش، ئۇلۇغ...

سەپەر - سەپەر ئەمەس ئۇ بىر باغ سەيلىسى،
غەيرەتسىزنىڭ شۇندا چىقار ۋەللەيلىسى...
مەجنۇن كەبى مۇشەققەتتىن تورقىمىغانغا،
تازىم قىلار بۇ سەپەرنىڭ گۈل "لەيلى"سى.

## قەشقەر شەھرىگە قاراپ

(قەسىدە)

زوقلىنارمەن قەشقىرىم، ئالتۇن دىيارىمغا قاراپ،
تاغلىرىمغا، باغلىرىمغا، ئالمىزارىمغا قاراپ.

ھەر تەرەپ گۈل، گۈلنى كوردۇم، مەن ئىچىلدىم گۈل سۈپەت،
گۈل ئارا ئۇچراشقىنىمدا گۈل نىگارىمغا قاراپ.

زوقلىنارمەن قەشقىرىم — ئاتام، ئانام ئۆتكەن شەھەر...
بىر زامان تۇرغان ئۇلار ئويگە، بازارىمغا قاراپ.

مېھرى ئىسسىق بىر شەھەر كىم، كورسە كىم كوڭلى چۈشەر،
ھەر كوچا، ھەر بىر ئورۇن، ھەر بىر دىۋارىمغا قاراپ...

كورسە لوندون، كورسە پارىژ بىر ئۇمۇر ئاشىق بولۇر،
بىر قېتىم بۇ قەشقىرىمگە، گۈلئۇزارىمغا قاراپ.

يوللىرى تۈز، سۇلىرى شوخ، تال باراڭلىق ئويلىرى...
ماڭسىڭىز «ئاپپاق خوجام» ئاتلىق مازارىمغا قاراپ.

ئاھ نەزەر باغ، ئاھ كەرەمباغ، ئاھ شامال باغ...غىچلا باغ،
«باغ» ئاتالغان چورىمىز، كوپ مېۋىزارىمغا قاراپ.

## مۇھەببەت مىزانى

ئالىم بولساڭ، تېخنىك بولساڭ، مەيلى شائىر،
ئىشچى بولساڭ، دېخان بولساڭ، مەيلى كادىر،
ئىجات كۆرسەت، ھۈنەر كۆرسەت، خىزمەت كۆرسەت!
ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە تۇتۇش ۋاقتى ھازىر.

ۋەتەن ئۈچۈن مۇھەببەتنىڭ شۇ مىزانى،
مىللەت ئۈچۈن ساداقەتنىڭ شۇ مىزانى؛
زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن تۆھپەڭ نىچۈك؟
مانا، «ئېركى» جاسارەتنىڭ شۇ مىزانى...

1980 - يىل ماي، قەشقەر.

كۆلدى ئەخلاق گۈللىرى، مىڭ بىر گۈزەللىك يۈز ئېچىپ،
مەنمۇ ئۆگەندىم گۈزەللىك، ئۈز قاتارىمغا قاراپ.

زوقلىنارمەن قەشقىرىمنىڭ قىزلىرىغا غۇنچىدەك...
مەگزى باقسام ئوخشفاچ ئالما — ئانارىمغا قاراپ.

ئۆگىنەر ئىسكەتنى ھەم، ئەخلاقنى ھەم جەننەت قىزى،
شۇ بۈگۈن قەشقەر قىزى - چەشمى خۇمارىمغا قاراپ.
۞
زوقلىنارمەن قەشقىرىم، ئوغۇللىرىڭ مەردانىدۇر...
پەھمى قىلغىن سەن بۈنى، نەق ئىشتا كارىمغا قاراپ.

ياشىنا قەشقەر، ياشنا قەشقەر تاگدا كۆلگەن ئەتىرگۈل!
ئۇرلە قەشقەر، ئۇرلە قەشقەر ئىپتىخارىمغا قاراپ.

چال دىسەم، دۇتار دىدى: قانداق مۇقامغا چالاي؟
چال، "گۈزەل قەشقەر" غە چال... ئېيتتىم دۇتارىمغا قاراپ

زوقلىنارمەن قەشقىرىمگە، بىر ۋەتەنچى ھىس بىلەن،
"ئېركى" مەجنۇندەك كويەرمەن مۇشۇ يارىمغا قاراپ

× × ×

قولنى كوكسۇمگە قويۇپ، بەردىمكى ئۇيغۇرچە سالام،
قەشقىرىمگە ھوسنى بەرگەن نەۋ باھارىمغا قاراپ.

1980 - يىل ماي، قەشقەر.

سىز كېلىڭ قەشقەرغە بىر ياز، يەپ كېتىڭ ئۆرۈمە، ئۆرۈك...
مۋدىن شۇنداق كۈتەي، بار ئىقتىدارىمغا قاراپ.

سەن قەيەردىن دىسە كىم، ئەلۋەتتە "قەشقەردىن" دىدىم،
تولدۇرۇپ ئېيتتىم بۇ سوزنى، دوستۇ - يارىمغا قاراپ.

چىقتى پۇرسەت مەن ئۇچۇن، نى - نى شەھەردە تۇرغىنى...
تاللىدى قەشقەرنى ئەقلىم ئىختىيارىمغا قاراپ.

ئىزلىسەم ئالەمدە يوقتۇر، بىر ئورۇن "ھېيتكاھ" سۈپەت،
قالدى ھاڭ - تاڭ ئىنژېنىر... پەشتاق، مۇنارىمغا قاراپ.

كاشغەر — "كاشگەر" دىمەك، كاشگەر دىمەك ئۇ، نەقىش گەر
قويدى تارىخ "نەقىشگەر"، نەقىشۇ - نىگارىمغا قاراپ.

دەۋر - دەۋران بولدى تەسلىم، قويدى قەشقەر ئىسمىنى،
نەقىش - سەنئەتكار بوۋامغا، نامرارىمغا قاراپ.

قەشقىرىم بولمىش ئەزەلدىن مەدىنىيەت مەركىزى...
نامى بار ئالەم ئارا، بولغان نامدارىمغا قاراپ.

زوقلىنارمەن مەكتۇپىم كوپ شۇ بۇگۇن ھەم، چوڭ - كىچىك...
تاڭ سەھەر پوپكا ئېسىپ ماڭغان تۇمارىمغا قاراپ.

شائىرە، شائىرلىرىم جىق، مۇخلىسىم ئاندىن تولا...
مەنمۇ بۇ ئىشقا ھەۋەسكار، گەپ تىزارىمغا قاراپ.

ئۆچتى مىڭ چارەك پولات، قانات قېقىپ... كىم ئىشلىدى؟
سوزۇلۇپ چۈشتۈق كېچە ئاي قىز بىلەن، كېلىشىگ دېدى...
بۇنى ھېچكىم قىلمىدى، قىلدى ئاۋام، خەلق ياشىسۇن.

بەردى ھەتتا داھىدىن ماركىس بىلەن لېنىننى خەلق،
بەردى مەھمۇت قەشقىرى، ناۋائىينى، پۇشكىننى خەلق...
ھەممىنى بەرگەنچكە خەلق، خۇللەس كالام خەلق ياشىسۇن.

يۇرت ئامان، دۆلەت ئامان، ياشنار زامان خەلق ئىشلىسە...
ئىشلىگەنلەر ئۇستۇرۇلسە، ئەل ئاگا رەھمەت دېسە؛
شۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى مەقسەت - مۇرام خەلق ياشىسۇن.

مىسلى تەندۇر بارچە نەرسە، بۇ جاھاننىڭ خەلق كوزى،
ئەڭ ئۇلۇغدۇر، ئەڭ گۈزەلدۇر ھەممە سوزدىن "خەلق" سوزى؛
خەلق دىگەندە باشنى ئەگسۇن باشقا نام. خەلق ياشىسۇن

سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ ئېگىسى خەلقۇ، جېنى خەلق...
بۇ توزۇمدە، — دېدى ماركس، — كاتتا بولغاي نېنى خەلق،
تەڭ قۇلاق گۇللەپ ئۇسەر شەھەر - يېزام، خەلق ياشىسۇن.

نەغمە چالغىن يىغلىماي، ئەۋلاتلىرىم ئۇلسەم ئەگەر،
غەم يىدىم، خەلق غەم يىسە، ئىچكەندە خەلق ئىچتىم شېكەر...
روھلىرىم خەلق ياشىسا تاپقاي ئارام، خەلق ياشىسۇن.

ياشىسۇن خەلق بۇ جاھاندا بارچە زالىم يوقۇلۇپ،
ياشىسۇن خەلق، مۇشۇ نامىلىق ناخشا ئەركىن ئوقۇلۇپ...
"ئېركى" ئېيتىپ كوتىرەيلى قېنى جام، خەلق ياشىسۇن!

1980 - يىل ماي، قەشقەر.

## خەلق ياشسۇن

(قەسىدە)

ئەسسالام خەلقىم ئۇچۇن، چەكسىز سالام! خەلق ياشسۇن،
خەلققە مەنسۇپ ھەممە ئىززەت، ئېھتىرام... خەلق ياشسۇن،
قاندىشىم، قېرىندىشىم، ئاتا - ئانام خەلق ياشسۇن

مەن ئىچۈك شائىر بولاي، ئۆگەتتى شائىرلىقنى خەلق،
بەردى تەلىم - توھپە قىل دەپ ئەلگە ماھىرلىقنى خەلق،
ئەڭ ئۇلۇغ ئۇستاز ماڭا ئالى كىرام خەلق ياشسۇن

بۇ جاھان — مۇنداق جاھان بولماقتا، ئاخما توكتى تەر،
قۇمنى يوتكەپ، تاغنى كەستى، چاپتى ئوستەڭ، ئاچتى يەر...
جەمىيەتنىڭ رەۋنىقى خەلققە قارام، خەلق ياشسۇن

خەلقىمىز بولغاچقا بولدى يەيدىغان بۇغداي، قوناق...
ئالما، ئەنجۈر پەشتى شاپتۇل، گۈل ئېچىلدى خۇشپۇراق،
بەردى خەلق ھەر رەڭ كىيىم، ھەر خىل تائام، خەلق ياشسۇن.

كەشپىياتلار، موجىزاتلار بىرلە تولغان كائىنات،
نەقىشدار خەلق مېھنىتىدىن شۇ قەدەر رەڭدار ھايات...
گۈل، چىمەن ئاققان ئېرىق تارام - تارام، خەلق ياشسۇن.

## بۇلبۇل

نەۋ باھار بولدى، ئېچىلدى بۇ ۋەتەن — بۇ گۈل يەنە،
سايرىماقتا گۈل ئۈچۈن شەيدا بولۇپ بۇلبۇل يەنە...

قىلدى جىلۋە، بېزىدى تاك نۇرلىرى باغ ھوسنىنى،
قايتىدىن كىردى ساداغا پەنجىگاھ مەرغۇل يەنە...

باغدا مەشرەپ، باغدا سەيلە، باغدا قىزلار شوخ نچە ساز،
قاشلىرى مىسران قىلىچتەك، چاچلىرى سۇمبۇل يەنە...

ئەسرىلەشمەك ئەھدى بىرلە ئىچتى جام ئۇتقاش بولۇپ،...
بەزمىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ بىلەن موڭغۇل... يەنە.

بىر مەھەل قاغا قاقاقلاپ، بولدى بۇلبۇل ئاغزى بەنت،
كىم ھەقىقەت دەسە قىلدى ئىت تالاپ غۇلغۇل يەنە...

تورگە چىققان ئەردى مايمۇن، قىپ - قىزىل يۈزىن بوياپ،
كىم زۇلۇمغا ئۇستا بولسا، بولدى شۇ مەقبۇل يەنە.

كۆلدى ھۇقۇش باغدا يايراپ، چايىندى ئاق نانىچى ماي...
كورمىدى ئەمما بۇنى، قانۇنىيەت ماقۇل يەنە.

## بۇغداي ھەققىدە

ھاياتلىقنىڭ ئاساسى،
شۇنچە ئۇلۇغ سەن بۇغداي!
تەنگە بولسا جان بۇغداي،
جانغا بولسا تەن بۇغداي.

تېتىپ كوردۇم ھەسەلنى،
سويۇپ كوردۇم گوزەلنى،
يەنە سېنى سېغىندىم،
يەپ تويسامۇ قەن بۇغداي.

ئەزىز تۇپراق ئاناڭدۇر،
ئالتۇن مېھنەت ئاتاڭدۇر...
مەن سويگەچكە ئۇلارنى،
ساڭا ئامراق مەن بۇغداي.

بىر تال بۇغداي — گويا جان،
قەدرىنى بىل ھەي ئىنسان!

1980 - يىل ئىيۇل، قەشقەر.

## كونا دوستنى ئىپەش...

كونا يار بىرلە ئىپپشتىم، يېڭى يار ئەتتىم يەنە،
كونا ھىجران دەردىگە ئۆزنى دۇچار ئەتتىم يەنە...

كونا سەپداش، كونا ئۈلپەت، كونا دوستۇم ئەي قەلەم!
دىلرابا خۇش سوھبىتىڭنى، مەن خۇمار ئەتتىم يەنە...

مەنمۇ خۇد شەمئى ۋەتەننىڭ بىر كىچىك پەرۋانىسى...
ئادىتىمچە سويگۈنۈمگە جان نىسار ئەتتىم يەنە.

پارتىيەمنىڭ چوڭ ئادالەت نۇرىدىن تاپتىم ناۋا،
يالتىراپ نۇرانە يۈزنى ئىپتىخار ئەتتىم يەنە.

ئەلىمىم كىمدىن يېنىڭ؟ ئەمما ئىكەن قەلبىم يىگىت:
كۆلدى بىر يارى ھەقىقەت، دەل بىكار ئەتتىم يەنە...

ئىشلىمەك بولدۇم بۇ كۈن، ئىشلەشكە دەۋران ئەرزىگەي...
سەپكە ئەللىك ياش قەلەمنى مەن قاتار ئەتتىم يەنە.

قولغا ئالدىم شەمشىرىمنى، ۋەتىنىم توز ھەققى چۈن،
پەس ھەسەتخور دۈشمىنىمنى شەرمسار ئەتتىم يەنە.

شەيئىلەرگە تاك يورۇپ، چۈشكەچ ھەقىقەت مەشئىلى،
ئىشكى چىقتى ئىشەك، دۈلدۈل بولۇپ دۈلدۈل يەنە.

بۇ جاھان شۇنداق جاھانكىم: ھوكۇمران قانۇنىيەت!
ئۇ، ھامان ئىنسانىيەت تەقدىرىگە مەسئۇل يەنە.

قىلدى بۇلبۇل پىكرى غەلىبە، گۈلگە چىن ئاشىق ئىدى...
توغرىنى بوققان بوغاۋلار بولدىغۇ چۆل - چۆل يەنە!

كەل قەلەم سەن "ئېركى" بىرلە ئىشلىگىن ھەمكارلىشىپ!
ۋەتىنىگنى قىل بۇگۈن زامانىۋى بىر گۈل يەنە.

1980 - يىل ئىيۇل، قەشقەر.

## مىللەتلەر يەنە ئىتتىپاق بولسا

ئىستىكىم شۇ: ئىتتىپاق — ئۇم بولسا مىللەتلەر يەنە،
قانچە چوڭ ئىلگىرلىگەيلەر بارچە خىزمەتلەر يەنە.

× ×

بولسا تەڭ ھەر ئىككى دىلدا ئىتتىپاقلىق ئارزۇسى،
مۇھ بەرگەي ئىتتىپاق — ئالى پەزىلەتلەر يەنە.

× ×

بىزدە مىللەتلەر پۈتۈشكەن، سوز بۇ ھەقتە كوپ ئەمەس،
بولسا يۇماق، توغرا ئۇلاچەپ داغو - ئىللەتلەر يەنە.

× ×

ئۇز ئىلىمنى ياخشى كوردۇم، باشقىنى كورمەي يامان...
بارچە مىللەتلەرگە بار دىلدا مۇھەببەتلەر يەنە.

× ×

باقما كىرسەڭ مۇھ نۇرغۇن، ھەر بىرىدە ئۇزگە تەم...
قايسى مىللەت بولسا بار ھەر بىرىدە قىممەتلەر يەنە.

تۇرسا چىللاپ، قىلسا ئىما، پەن قىزى كەل دەپ كۈلۈپ...
ئۇخلىغاي قانداق كۆڭۈل؟! دەرھال بىدار ئەتتىم يەنە.

كەتتى جۇت، بىر تىنىدى «ئىركى»، بولدى ئەيىامى باھار...
بىر مەھەل سۇنغان كۆڭۈلنى نەۋ باھار ئەتتىم يەنە.

1980 - يىل ئىيۇل، قەشقەر.

## قەشقەرنى ماختايسىز يەنە

كەلسىڭىز قەشقەرسېرى، قەشقەرنى ماختايسىز يەنە،
كەچتە ئۈچكەن ئۇلتۇرۇپ، كەۋسەرنى ماختايسىز يەنە...

"چاي" دېگەن ھەر جايدا بار، "كەۋسەر" ساماۋەرنىڭ چېيى،
گۈندىكى تاتلىق - تومۇر گەپلەرنى ماختايسىز يەنە.

بەكمۇ سولەتلىك بۇ كۆن، قەشقەردىكى دوغ دۆكىنى...
چالسا ئۆن ئالغۇ غەزەل، "چوك پەر" نى ماختايسىز يەنە.

كىرسىڭىز ھېيتكاغا سىز، بۇ - مېھرى ئىسسىق جاي ئارا،
ئويىنىغان، ئۇسكەن گودەك ۋەخلەرنى ماختايسىز يەنە.

كەيسىڭىز ئەركەك مۇجەز دوپپا بادام، دوپپا چىمەن،
بۇنى تىككەن قولى گۈل دىلبەرنى ماختايسىز يەنە...

بىسى بەيزە، سېپى دەندان، تولتىسى ئاپپاق كۈمۈشىە
يېڭىسارنىڭ پىچىقى — شەمشەرنى ماختايسىز يەنە.

يوپكا، ياغلىق سەرخىلىنى ئەڭ بىلەر قەشقەر قىزى...
مالىقىدا قەشقەردىكى زەرگەرنى ماختايسىز يەنە.

× ×

ئۈستى دۇنيا ... بار ئۇنىڭدا ھەممە مىللەت تۆھپىسى...
ھەر بىرى ئىدراكىدىن بۇ ئىلمۇ ـ ھېكمەتلەر يەنە

× ×

بولسا ھېس ئىنسانى سەندە، بەر قولۇڭنى ئېركىگە،
دوست بولاي مېھرىم بىلەن، كەل بارچە مىللەتلەر يەنە.

1980 - يىل، ئىيۇل. قەشقەر

## پەن دەيمەن يەنە

كم جاھاننى قىلدى بۇنداق...؟ دىسە، "پەن" دەيمەن يەنە،
ھەممىدىن كم پەنگە ئامراق؟ دىسە، "مەن" دەيمەن يەنە.

قايسەر دولەت قالاق...تەكشۈر ئۇنى، ئۇ پەنگە سۇس،
قايسى ئەل پەنگە قىزىق، بولدى چىمەن دەيمەن يەنە.

دەل تەرەققىيات كوكىگە قىلدى شاھ ئادەمنى پەن،
ئەگدى باشنى ھەر دېڭىز، ھەر تاغ دىگەن، دەيمەن يەنە.

سالدى پەن "ئەلنەغمە" لىككە، سىم، تومۇرنى شۇ بۇگۈن،
ئەتە چىققاي چوڭ كارامەت...كورىسەن دەيمەن يەنە.

سەن بارالامسىڭ بېيجىڭغا، ئالتى سائەت يول بېسىپ؟
قىل تەپەككۇر...پەن كۈچى قانداق ئىكەن؟ — دەيمەن يەنە.

باشلىنغىدا ياش كۈچۈڭنى پەنگە تەقدىم قىل يىگىت!
پەننى سويگەنلەر جاھاندا، يەيدۇ قەن دەيمەن يەنە.

بولما شەيدا قاشۇ - كوزگە، قىل نىگار پەن يارىنى...
باشقا يارلار ئەكشەر، بولساڭ ئىسەن دەيمەن يەنە.

قاغىلىقتىن ئالما يەمسىز، بەشكېرەمدىن يا — ئۈزۈم؟
ئىنككسىدىن قايسىبىر — جەۋھەرنى ماختايسىز يەنە؟

قەن نىمە؟ كەمپىت نىمە؟ چىشۈي نىمە؟ شاپتۇلنى يەك،
بىزدە بىر شاھ مىۋە بار — ئەنجۈرنى ماختايسىز يەنە.

باغچىدا ياك - ياگزا گۈل، گۈللەر ئارا ياك - ياگزا قىز...
گۈل ئەمەس، ئۇ يوپكىلىق گۈللەرنى ماختايسىز يەنە.

شىگچىسى ياش باللىرى ئاق ئالما - دىچۈلەك كىيىپ...
ئىش كۈندە مايۇ - لاي قوللىرنى ماختايسىز يەنە...

پەخىر ئېتىپ بۇ — يۇرتنى، قويدى ئاتنى مەھمۇت "قەشقەرى"
"ئېركى" ئەسلەپ شۇ ۋەتەنپەرۋەرنى ماختايسىز يەنە.

1980 - يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

# كەڭ سىياسەت

پارتىيەم نۇرىڭنى توك، ئەدلۇ - ئادالەتتىن يەنە!
ياخشى بولدى؛ خەلققە بەرگىن كەڭ سىياسەتتىن يەنە!

تار سىياسەت، جا سىياسەت زەھەردىن بولدۇق خاراپ،
سەن خالاس قىل كوڭلىمىزنى شۇ جاراھەتتىن يەنە!

كەڭ سىياسەتلەر تۈپەيلى، خوتقا چۈشتى بارچە ئىش...
بىز كۆلەيلى يېڭى - يېڭى چوڭ كارامەتتىن يەنە.

پاتىمدى ئامارغا دەپ، بۇغداي بۇ يىل كەلدى خەۋەر...
كەلدى ھەم شۇنداق خەۋەر زاۋۇت، سانائەتتىن يەنە.

ئىقتىسادىي كەڭچىلىك تاپقاچقا دېخان شۇ بۈگۈن...
زەر — جاۋاھىر سۆزدى ئۇ تۇرلۇك زىرائەتتىن يەنە.

ياخشى ئىشلەپ، ياخشى چىشلەپ، باي بولۇپ دېخان ياشا!
دەۋرىمىز تۈزدى شوئار شۇنداق ئىبارەتتىن يەنە.

ئۇسسە دۇنيا، بىلمىسەڭ پەن، ئارتتا قالساڭ، ئويلىغىن!
يار تۇگۇل، بىر ”خەس“ سىڭنى قىلماس پىسەن دەيمەن يەنە.

بۇ زامان قىلدى نىدا: دەس تۇر، دىدى ئەھلى ۋەتەن،
ئەسرىمىزچە ئۆرلىگىن دەپ پەن بىلەن...دەيمەن يەنە.

تۇتتى ئەغيار، پەن بىلىشكەچ، باشقا يۇلتۇزدىن ئورۇن...
ئاچىمەن دەپ كان، نېفىت...سالدى سۇرەن دەيمەن يەنە.

”ئېركىن“ خۇشتار پەن قىزى، ماگسام يولىدا بىر كۇلەر،
گۈل بولار ئاخىر چىرايلىق بۇ ۋەتەن دەيمەن يەنە.

1980 - يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

# بۈگۈنكى بازار

بۇ بازار بولغان قاچاندا بۇنچىلىك ئاۋات يەنە؟
بولدى خەلق بۇنداق قاچان مەمۇرچىلىقتىن شات يەنە؟

قەن، ناۋاتنىڭ كوپلۈگىدىن يوق كۈنىگغا ئىلتىپات.
كوش ۋە ياغ شۇنداق سىمىز...تەكلىپ ئېتەر ھەيھات يەنە!

كومكىنى تاس قالدى قەشقەر شەھرىنى بۇ يىل كۈرۈك...
"موغا ئەللىك" دەپ كۈنى باققال ئېتەر پەريات يەنە.

ئالما، نەشپۈت تۈردى ھازىر كەلگىلى ۋاگون - ۋاگون...
بىرسى كاللامدەك بولۇپ شاپتۇل دىگەن بىر زات يەنە.

ھەر قەدەمدە ئاشپۇزۇل، يۈز تۈرلى نىمەت ساز تېخى،
"بەررى" دەپ توۋلاپ تۇرار قاسىم كاۋاپ پات - پات يەنە.

ئەنە كوينەك، ئەنە نىلۇن، ئەنە توپلى، ئەنە رەخت...
سان - ساناقسىز يايما دۇكان، قىزىغان ئال - سات يەنە.

شايى، ئەتلەس يولدا ياتقان چاقنىتىپ كوز رەڭمۇ - رەڭ،
زىلچىلەر تۈرغان قاراپ، ھەر ياڭزا سىم كارۋات يەنە.

زولمدىن ۋەيرانە ھەر ئەل ئەدلىدىن ئابات ھامان،
ئەدلى ئۇ بەركەي نىجات ھەر خىل پالاكەتتىن يەنە.

كەڭ قوساق بول، ئامما بولغاي ساگا ھامى ھەر قاچان!
شۇندا دولەت دەس تۇرار بەختۇ - سائادەتتىن يەنە.

ئەدلى پەرۋەرلىكنى "ئېركى" ماختىغاي خەلق نامدىن،
ئەدلى قىل، رەھمەتنى ئالغىن كەڭ جامائەتتىن يەنە.

1980 - يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

## شائىرنى بىر دوراي

مەن كىچىك شائىر ئەمەس، شائىرنى بىر دوراي يەنە،
چولتىسىنى دوربىماي، ماھىرنى بىر دوراي يەنە.

پۈرسىۈن دۇنيا سوزۇمدىن، گەل سويۇشنىڭ ئەترىسىن،
پاۋغا ھاش ئەگمەستە ئۇ "پامىر" نى بىر دوراي يەنە.

"جا گۈلەندەم" مېنى سوي دەپ، ناز - كەرەشمە قىلسا ھەم،
"جىك گۈلەندەم" نى تاپاي، "ئامىر" نى بىر دوراي يەنە.

يار تۇتاي زوھرام ئەمەس، گۈلدەك ۋەتەن زوھرا سىنى،
جان بېرەي بۇ سويگىدە "تاھىر" نى بىر دوراي يەنە.

ھەر تامان ئېغىپ يۈرۈش ئىنسان ئارا شائىرغا سەت...
پەھلىۋانىم، يۇرتدىشىم "سادىر" نى بىر دوراي يەنە.

بەختىلىكمەن چىقسا دوراپ، بىرلا شېئىرىم شېئىردەك...
ماغزى بار ئاز بولسىمۇ گازىرنى بىر دوراي يەنە.

"ئېركى" ئالەمدىن كېتەي، گاگگۈك سۆپەت بىر گەپ قىلسىھ،
ساقلىغان شائىر يۈزىن شائىرنى بىر دوراي يەنە.

1980 - يىل نويابىر، قەشقەر.

ئەنە سارجا، ئەنە شىپون، ئەنە "شاڭگاڭ بازىرى"
مال تېپىلغاي، قىلسا توي شېرىن بىلەن پەرھات يەنە.

قانچە مىڭلاپ نامە بولدى كەسپدار، ئىشلىق بۇ دەم،
پۇت - قولىنى چۇشىگەن زەنجىر بولۇپ بەربات يەنە.

مۇھ، كوكناتى ساتتى دېخان، ئالدى كىرىسىن، ئالدى قەن...
يېڭىدىن ئەنجۇر، گۇزۇملۇك قىلدى باغ ئىجات يەنە.

قىسچىلىقتىن توقچۇلۇققا ماگدى ئەلنىڭ تۇرمۇشى...
ئى بازار بۇندىنمۇ گۇللەپ "ئېركى" نى سايرات يەنە.

1980 - يىل نوكتەبىر، قەشقەر.

## تېرىلغۇ ۋاقتى

(بىر دېھقان تىلىدىن)

گېزەك پوتلا بولغاندا،
يەرنى تۈزلە، دوشنى ئال!
گۈۋزمە تۇغدى دېگەندە،
كېۋەزلەرگە ئۇرۇق سال!

قوڭغۇز ئۇچتى دېگەندە،
ياخشى قوناق تېرىسا؛
ئۇرۇغ سېلىش توختايدۇ،
چىكدە سېسىق پۇرىسا.

1981 - يىل ئاپرېل، مەكىت.

## „قاپىيە» رادىپىگە غەزەل

كەلتۈرۈپ يازدى غەزەل يولداش ئادالەت قاپىيە،
شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا قىلدى ئىنائەت قاپىيە.

شۇ بۇگۈن "ئىشلەش" دېگەنگە كەلدى "چىشلەش" بەك ئەجەپ،
قىل "جاسارەت" كە كېلەر دەرھال "ھالاۋەت" قاپىيە.

"ئەر" دېگەنگە "زەر" نى قىلسام قاپىيە بىرمۇنچە ۋاخ —
سوزدە كەلگەن، ئىشتا كەلمەي شۇ ئىبارەت قاپىيە.

"ئەر" توكۇپتىم دىدى دېخان "يەر" ماڭا بەردى ھوسۇل،
چىن "رىيازەت" كە بۇ كۈن كەلدى "دارامەت" قاپىيە.

قاپىيە دۇنيا ئىشىنىڭ ھەممىسىدە بەك مۇھىم...
دېمىگىن ئەشئاردىلام شائىرغا ئادەت قاپىيە.

مەن تىلەيمەن تەگرىدىن ھەر كىمگە جىڭـلىق — قاپىيە،
"تىل" غا "دىل" كەلسە مۇۋاپىق، بۇ ئالامەت قاپىيە.

"قاپىيە" دەپ ئېيتسا "ئېركى" كورمىگىن ھەرگىز كىچىك،
كەلسە دەل شېئىرىڭگە بەرگەي چىن پاساھەت قاپىيە.

1981 - يىل فېۋرال، قەشقەر

# دولان

(قەسىدە)

شۇ بۈگۈن كەلدىم بولۇپ مېھمانلىرىڭدىن مەن دولان،
ياق خاتا، مېھمان ئەمەس، تۇققانلىرىڭدىن مەن دولان.

ئۇن يېشىدا شېئىر تۈزگەن، ئىككى ئۇن ياشتا مۇقام،
ئۇرگىلەي ئامانىسېدەك خانلىرىڭدىن مەن دولان.

سوز ئاچاي سوز چىقسا سازدىن داملىتىپ ئالدىم ئارا،
نەغمىلەرنىڭ شاھى - قالۇن جانلىرىڭدىن مەن دولان.

مەن ئېلىپ كەلدىم ساڭا سوغات ئۈچۈن بىر چوڭ ئۈمىت،
مەرىپەتچىل قەشقەرى يارانلىرىڭدىن مەن دولان.

ئەمدى رۇخسارىڭنى كورسەت ئەي دولانى ئەدەبىيات،
شاتلىناي ھەلاپ كورۇپ رەيھانلىرىڭدىن مەن دولان.

ئايلىنىپ كەزدىم خوشال تەكلىماكانىم دەشتىنى،
چولدە ئىچتىم سۇ سوراپ چوكانلىرىڭدىن مەن دولان!

تۇپرىغىم بولغاچ ئۈزۈمنىڭ گۈل كورۈندى دەشتلىرىم،
پەخىرلەندىم تا — كېيىك، توشقانلىرىڭدىن مەن دولان.

ۋەتىنىم، ئەي ۋەتىنىم! سەن شۇنچە كەڭرى، شۇنچە باي،
سوز ئاچاي قايىبىر ساناقسىز شانلىرىڭدىن مەن دولان.

كەلتۈرۈپتۈر جان بېشىغا ئىككى مىڭ جىلىڭ ئاش - ئوزۇق،
كورستەي بۇنداق ئۇلۇق دەسخانلىرىڭدىن مەن دولان.

## ھىزنىڭ دۈيجاڭ

بارمۇ دېخان بۇرادەر،
بۇنداق دۈيجاڭ ئاراڭدا؟
ئەزالىرى تىللىماس.
ئارقىدىكى پاراڭدا.
قوغۇن يىمەس، پۇل بەرمەي...
شورپا سالماس باراڭدا.
ئىشقا چىقسا قىز - جۇۋان،

## كوزى بولماس ماراڭدا...

ئوزى راسا كەتمەنچى،
ئەلنىڭ غېمىن يەيدىغان،
ئىككى ناندىن يۇمشاقنى،
ئەزايسۇن دەيدىغان...

پەرۋىش قىلسا بىلگەندە —
ئېتىزلاردا زىرائەت؛
ئىشلىگەننى كوپ ئۇچۇن،
ياخشى بىلەر جامائەت.

1981 - يىل ئاپرېل، قەشقەر.

## قىرىغىم كەلمەيدۇ...

(لىرىكا)

قاراڭلا، كوڭلۇمدە مەن گودەك، مەن ياش،
ياشلىقىم ھەمىشە مەن بىلەن ئاداش...
ھاياتتا ياشلىقىم ياشىدى بىللە،
ئۇلىسەممۇ ياشلىقىم گوردا ھەم گورداش.
تارتمىدىم كوز ئەينەك، تۇتمىدىم ھاسا...
ياشانغان چاققا تەن بەرمىدىم يولداش!
ئەينەككە باقمىدىم، "ياش مەن" دەۋەدىم...
ئالدىدىم ئۆزەمنى شۇندا، قەلبداش.
ۋە لېكىن تۇنۇگۇن قاراپ ئەينەككە،
كەلدى ـ دە، "بۇ مەنمۇ؟" دىگەن بىر ئويلاش.
تۇراتتى ياڭىقىم ئۇستىدە سىزىق...
ئال چۇشكەن بۇغدايدەك بىر ئالاڭغۇ باش.
قېنى ئۇ — قورغانىنىڭ كوكچىسىدەك چاغ،
قىپ ـ قىزىل رۇخسارىم، تېغىدەك قارا قاش؟
كورستەر سەت دىدىم ئەينەك سەت بولغاچ،
باشلاندى ئەينەكتىن ئاغرىنىش، تىللاش...
چۈنكى مەن كوڭلۇمدە ياش تېخى كىچىك...
مەندە بار ئۆزەمنى سەككىز ياش چاغلاش.
تۇرۇپتۇ كوڭلۇمدە تۇنۇگۇنكىدەك،
يۇگۇرۇپ چېۋىقنى ئات ئېتىپ ئويناش.

قان قېرىنداشلىق كوزۇمنى ئۇزمىدىم ئۇتتەك قىزىل،
ئەرچىلاپ كەتمەن چاپار چوكانلىرىڭدىن مەن دولان.

قىلدى ئىززەت ئۇيىگە باشلاپ، مۇخبىرىم كېلىڭ دېدى،
رازى بولدۇم ئاقكوڭۇل ئىنسانلىرىڭدىن مەن دولان.

گەپكە سالدى، قىلدى سوھبەت. بىز ئىچىلدۇق گۇل سۆپەت،
مانتا يېدىم مەي ئىچىپ قاسقانلىرىڭدىن مەن دولان.

ئىنىساخان دەملىدى چاينى ئېسىل بازار كۈنى،
بەك سويۈندۇم تومىلاق شەرمانلىرىڭدىن مەن دولان.

نەگە بارسام ئىگىلىپ قىلدى سالام مەجنۇن تېلىڭ.
ياشىندى كوڭلۇم تېرەك بوستانلىرىڭدىن مەن دولان.

تېرىڭگەدەك ئۇس دولانىم، كوپ تىلەكداشمەن ساڭا،
چۈنكى بىر باغرىڭ ئۈزۈم ئۈزسقانلىرىڭدىن مەن دولان.

1981 - يىل ئاپرېل، مەكىت.

## شاھ مېۋە

مېۋىلەر سۇلتانى ئەنجۈرگە قاراڭ:
بىلىمىلىك، كىبىرسىز ئادەمگە مىسال.
ئىچىدە لىق ھەسەل تامچىپ تۇرىدۇ،
ئىمكانىلىق چوڭ - كىچىك قانداق پايدا ئال.

ئالتۇنمۇ ئەنجۈردىن رەڭ ئالغان، بىراق —
ھوسۇندە ئەنجۈرگە ئوخشىيالمايدۇ.
شەرقنىڭ بۇ نېمىتى كەلسە بەزمىگە،
ھېچ نېمەت ئۈستىدە ئولتۇرالمايدۇ.

ب. د. ت نېمەتتىن ئاچسا كورگەزمە،
مەن ئۇيغۇر ئەنجۈرنى ئېلىپ بارىمەن.
مۇشۇ بىر موجىزات كەۋسەر تەمدە،
ھەرقانداق ئادەمنىڭ تىلىن يارىمەن.

ھورمەتلەي، ئىززەتلەي، قەدىرلەي سېنى،
سويۇملۇك ئەي ئاتۇش — ئەنجۈر ۋەتىنى!
پىشقاندا مەي ئېقىپ ۋىل - ۋىل ئۈنچىدەك،
بىر قېتىم يادلاپ قوي پېقىر ئېركىنى!...

1981 - يىل ئاۋغۇست، قەشقەر.

ئاھ ياشلىق!... ياخشى سەن، گۈزەلسەن ئەجەپ،
بىر ئەيۋىڭ — ۋاپاسىز، ئەمەسسەن ياۋاش...
تۇرمايسەن تاي كەبى، بەرمەيسەن تۇتۇق...
توشقاندەك قاچىسەن... مەندىدۇر قوغلاش.
قەدىرلىك مېھماندەك تۇتقانسىرى چىڭ...
كېتىشكە جابدۇيسەن، ئوززەڭ ئالدىراش.
مەن دەيمەن — مىڭ يىللىق ياشاش دىمەكتۇر —
ياشلىقتا ياشىغان بىر مىنۇت ياشاش.
بىر نەرسە بولغايمۇ ياشلىق كەبى ساز؟
گوياكى باھاردەك ياشنىڭ كوڭلى ياش.
نادامەت قىلمىغان ھېچبىر ئىشقا مەن،
توكتۇممەن بىھۇدە ئوتكەن ياشقا ياش...
ياش مەن دەپ ئويلايتتىم، يازدىم كېچە شېىر،
دىگەندەك چىقمىغاچ كەلدى بۇ قاراش.
ياشلىغىم لايىقكەن بىلمىدىم سېنى،
نىمە دەپ سۆپەتلەش، نىمە دەپ ئاتاش؟
باھارىم، نىگارىم، دىلدارىم... دىدىم،
كەم كەلدى بويۇڭغا شۇ ئىپادىلەش.
قۇياشقا شەيئىنى ئوخشىتالمايمەن،
ئوخشاتسام ياشلىقنى ئېيتاتتىم قۇياش.
بىر كۇچۇم بولغاندا تەگرىدەك ئەگەر...
قىلاتتىم ھەممىنى مەن يىگىرمە ياش.

1981 - يىل ماي، مەكىت.

بولۇپ كادىر ئۇرۇنىما كىبىرىدارلىق ئەسكى ئىللەتكە،
جامائەت پۇلىدا سەيرىشىنى سەن ئۇبدان قىياس
قىلما.

يۈگەنسىز ئات ئەمەس كادىر، ئۇنى باشقۇرغۇچى ئاما،
خاتامۇ، توغرىمۇ سەن بايقىماي مەيلىڭچە يول سالما.
ئورۇنسىز تۇتسا كىم ئالما — باھاسىن سورىماي
ئالما،
ئۆزۈڭنى نەپسىنىڭ ئاۋارىسى ئىشان قىياس قىلما.

ئۆزۈڭ كادىر، ئەمەل قىل ھەممىدىن بالدۇر سىياسەتكە،
پىرىنسىپ، ئىنتىزامنى ساتمىغىن يىگەن زىياپەتكە،
ئورۇنساڭ ئائىلە، تۇققان، تونۇش... بولسا شاپائەتكە،
بۇنىڭدىن بىر خەتەر كەلمەيدۇ دەپ، بىرئان
قىياس قىلما.

ھوقۇقنى ئىشلىتىپ، رۇخسەت ئىلىپ — ئالماي "راۋاق"
سالساڭ،
قىلىپ توي ھەم ئۇلۇمدە توھپە — سوغات دەپ
پارا ئالساڭ،
ئۆيۈڭدە ئايدا ئۈچ نان يەپ، بولەك كۈن چايغا
سەن بارساڭ...
چىرىتسە كىمدە كىم شۇنداق سىنى، پالۋان قىياس قىلما.

مۇلايىم سوزلىگىن خەلققە، "ھوقۇق" نى ئاڭا دوق قىلما،
ھوقۇقنى ساڭا خەلق بەرسە، ئۇنى سەن خەلققە ئوق قىلما.

## كادىرغا مۇراجىئەت

(مۇرەببە)

بۇرادەر ئىسمىمىز "كادىر"، ئۆزۈڭنى "خان" قىياس قىلما،
ئاۋامنى خۇددى يەر گويا، ئۆزۈڭ ئاسمان قىياس قىلما،
پىلاتون① بول جاھاندا، خەلقنى ھېچ نادان قىياس قىلما،
ئەگەر شۇنداق قىياس قىلساڭ، ئۆزۈڭ ئىنسان قىياس
قىلما.

بۈگۈن خەلق كادىرى بىز، ھېچ ئەمەس بەگ،
يۈز بېشى، دوغا،
بىرەر ئىش ئىشلىسە ئالغاي تاپان ھەققى ئۈچۈن
سوۋغا،
چىرىك ئامبال ئەمەستۇرمىز، ئاۋامنىڭ جانىغا ئوغا...
ئۆزۈڭنى سەن ئۇلاردەك بى ھايا شەيتان قىياس قىلما.

ۋەتەن — جۇمھۇرىيەت، خەلقىم خوجايىن ھاكىمىيەتكە،
"ئەمەل"، "مەنسەپ" دېيىلمەس بىزدە قانداق كاتتا
خىزمەتكە...

---

① پىلاتون (ئەپلا تون) — ئىرامىزدىن ئاۋالقى IV ئەسىردە ئۆتكەن يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئەينى زاماندىكى دۇنيانىڭ دانىشمەنلىرىدىن ئىدى.

خاتالىق يوق، ئۇتتۇغلۇق يوق پەقەت ئىش ئىنلىمەس بۇتتا،
خاتا قىلساڭ تۈزەت، ھېچكىمنى بى نۇقسان قىياس قىلما.

تۈزۈك كادىر تۇرار ئۇلچەپ ئۆزىنى تاكى مىزاندا،
بولۇشقاي بەزىسى ئەل كوزىدە ئاكتىپ ۋە جەۋلاندا،
ھەسەلدىن قىلنى ئايرىيدۇ، ھوپپۇنى يەيدۇ پىنھاندا ...
ساداقەتسىز كىشىنى ھېچقاچان مەردان قىياس قىلما!

دىسەم كادىر ئارا نۇرغۇن جاپالىق ئىشتا "بايراق" لار،
كورۈك تولماقتا دوستۇم كاتقا بوغداي، مالغا يايلاقلار،
ئازايغاچ كوڭلى مايماقلار، تۇراقسىز پۇتى ناينىاقلار ...
پەقەت مىگدىن بىرى جانسىز، پۈتۈن نىمجان قىياس قىلما.

بىرىلمەس نەپسىگە، قەلبى ئىسىل - زىبانى سەن ئۇگەن،
ئوزىگە چىڭ تەلەپ، خەلققە دىلى دەريانى سەن ئۇگەن،
پەقەت ھەر ئىشتا ئادىل، ھەركىتى لىللانى سەن ئۇگەن،
قاراپ ئاغزىدىكى "ھە - ھۇ" غا، سەن ئىشچان قىياس قىلما.

ھەزەر قىل تەخسىكەشلەردىن، سالار كوڭلۇڭگە كىرلىكنى،
ھەزەر قىل يەنە غەممازدىن ② بۇزار ھەر جايدا بىرلىكنى...
ھەزەر قىلغىن كورەلمەستىن، دىگەي ناباپ قەدىرلىكنى،
يىلاننى تىل چىقارسا دوست بىلىپ، جانان قىياس قىلما.

---

① غەمماز — گەپ توشۇغۇچى ئادەم.

قوپاللىق بىرلە كەڭ كادىردىكى ئابروينى يوق قىلما،
زامان ئۇنداق قىلىشقا بەرمىگەي ئىمكان، قىياس قىلما،

ئەگەر سەن بولمىساڭ ئىللىق، نەپەر قىلىڭ كونا بوتۇڭدىن،
قىلالمايسەن ئۇتۇغلۇق ئىش، قاچار ئەلۋەتتە خەلق توگدىن...
ئېلىپتەك توغرا ماڭ يولدا، ھەزەر قىل "سول" بىلەن "ئوڭ"دىن،
ئەمەس خىزمەت، ئورۇن مىراس، بۇنى يالغان قىياس قىلما.

ساڭا ئەل ھاجىتى چۈشسە، ئىلاج باركى راۋا قىلغىن،
پىرىنسىپلىق داۋا بىرلە، "جاراھەت" گە داۋا قىلغىن،
يىگىت سەن، كۆپ قىلىپ خىزمەت، شەرەپنى كەم تاما قىلغىن،
ئۇنى شەخسى نىيەتكە كەلدى دەپ دەۋران قىياس قىلما.

ئۆزۈڭ پىكاپقا چىققاندا كېرىلمە كادىرىم، سەن بەك،
ئىشەك مىنگەننى ئەسلەپ قوي، قويۇپ مەغرۇرلۇقىڭغا چەك،
سوزۇڭغا ئەل چاۋاك چالسا، ئۆچۈپ كەتمە بولۇپ لەگلەك،
ئۆزۈڭنى ھېچ قۇسۇرسىز — ھەممىدە تولغان قىياس قىلما.

خەلقنىڭ كادىرى بولساڭ، خاتاغا بەرسە تەنقىت كىم ...
دىمەي ھالىم يوغان سەندىن، دىگىن چىن دىلدا ئۇستازىم،
بىلىپ قوي سەن بىلەن مەندىن، پۈتۈن ئىشلاردا خەلق ئالىم...
قۇسۇرۇڭ ياپقىلى ئورنۇڭنى بىر قالقان قىياس قىلما.

ئىگىز چىقماق، تۆۋەن چۈشمەك بولۇر ... خىزمەت ئىشى شوتا.
چىقىش، چۈشمەكتە مەردانە تۇرۇشقا باغلىغىن پوتا.

## ياشلىق ۋە شېئىرىيەت

(لىرىكا)

ياشلىقنىڭ مۇھەببەت بىلەن تىلبىي رىشتىسى بار،
بىر ياش بارمۇ دۇنيادا مۇھەببەت تۇيغۇسى يوق؟!
شۇنداقلا، ياشلىقتا شېئىرىيەت پەرىشتىسى بار...
مەن كۆرمىدىم ياشنى — شېئىر يېزىش ھەۋەس — ھىسسى يوق.

ياشلىق دەۋر ئۆزى — ئادەمنىڭ لىرىكىسى شۇ...
تېخىمۇ توغرىسى: ياشلىق — ئۆمۈرنىڭ شېئىرىيىتى.
شېئىرىيەت ھەر نەرسىنىڭ گۈزەللىكى، سۆزنىڭلا ئەمەس،
شېئىر بىلەن تېخىمۇ گۈزەل ئىنسانلىق جەمىيىتى.

جەمىيەتنىڭ تېنىگە روھ ۋە رۇخسارىغا نۇر،
قەلبىگە قۇۋۋەت. ھوزۇر ئەدەبىيات سەلتەنىتى.
ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭگە، ئۇنى بۇنىڭغا، يەئنى —
ھاياتنى چۈشەندۈردۇ شائىر ھەسسىيىتى.

ئۆمۈرنىڭ ھەر مىنۇتى قەدىرلىك، ياشلىق بەكرەك...
ياخشى سۆز ھەر بىرى ياخشى، بەك شېئىرمەئرىپەتى.
ياشلىق — ئۆمۈر گەۋھەرى، شېئىر بولسا تەپەككۈرنىڭ....
ئۇختۇردۇ ئۇ، سەنئەتتا ھايات سۆيگۈ، نەپرىتى.

ئەگەر سەن ئىشلىسەڭ ئوبدان، بولۇر سەندىن ۋەتەن رازى،
باھالار خىزمىتىڭنى ھەر زامان تارىخ دىگەن قازى،
ئۆلەر جىسمىڭ، ئىشىڭ ئۆلمەس، قالار ئەلدە قىشۇ - يازى...
شۇ خىل ئارمانغا سەن يەتسەڭ، بولەك ئارمان قىياس قىلما.

قىيانشاندىن ئىگىز قەدرى خەلققە ياخشى كادىرنىڭ،
تىلى ياخشى، دىلى ياخشى، ئىشى ياخشى باھادىرنىڭ،
ئۇلارغا رەھمىتى كوپ "ئېركى" نىڭ ھەم باشقا شائىرنىڭ،
مېنىڭ شەنىم ئۈچۈن يازمايدۇ دەپ رومان، قىياس قىلما!

1981 - يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

## يار ۋە دوست توغرىسىدا!

ئەي كوڭۈل ۋاپاسىزغا قىلما ئىتىۋار، تاشلا!
بىۋاپا ساڭا بەرگەي ئاقىۋەت ئازار، تاشلا!
تۇتمىسىن مۇلايىم دەپ، تىل چىقارسا مار، تاشلا!
كورمىسەڭ سىناپ يارنى، دىمە زادى يار، تاشلا!
كىيسەم ھەم ئەگەر ئالتۇن، چاچسا ھەم ئىپار، تاشلا!

×

سەن ئەگەر ئۇزۇڭ ئىنسان، يار ئۇچۇنمۇ ئىنسان تۇت!
ياخشى يار نېسىپ بولسا، ھەر قەدەمگە مىڭ جان تۇت!
دەرت تارتساڭمۇ بۇلبۇلدەك ئۇلپىتىڭنى رەيھان تۇت!
پەسلەشتۇرمە كوڭلۇڭنى، سەن بۇ ئىشتا سۇلتان تۇت!
ئۇخلىغان ساراڭ يارغا، بولماسسەن بىدار، تاشلا!

×

دوست ۋە يار ئۇچۇن تاللا، ئۇز بويۇڭغا سەن ماسىنى،
تاپمىساڭ ئەگەر راستىنى، ئۇ، بىلمەيدۇ ئىخلاسىنى...
مەنىمۇ تاشلىۋەتتىمغۇ، تىلى ئىككى كاس - كاسنى،
سەنمۇ تاشلا "خەنناس"نى، كوڭلۇڭدىكى ۋاسۋاسىنى...
دوست دىمە ئەقىدەڭگە كىمكى كوز يۇمار ... تاشلا!

ئۆينۈدۈم تۇمۇچۇق، كەپتەر ۋە ئۇچۇردۇم لەگلەك...
ياشلىقتا تېگىش ھەر كويغا بولدى كوڭلۈم رەغبىتى.
بولۇپمۇ يۇردۇم قارا كوزلەر دەردىدە سەرسان...
تارتتى مېنى ھەممىدىن بەك شېئىر سېھرىيىتى.

ياشلىق! ھەي ياشلىق شېئىر دەرياسىغا يولۇقۇپ ئوت!
ياشلىقنىڭ شېئىر بىلەن بىر "سۆلۈق مىۋە" ئېتى.
مىۋە — بەربىر مىۋە، بىراق سۆلۈقى ياخشى...
سۆيۈڭ بولمىسا يوق گۈزەل بولساگمۇ قىممىتى.

1981 - يىل دېكابىر، قەشقەر.

پەرقى بار جاۋاھىرنىڭ، "دوست" ئىچىدە ئەخلەتنىڭ...
ياخشى دوست ئۆتەر ئالغا ياخشىلىقتا جەننەتنىڭ،
"ئېركى" ئېيتىمەدىم ھەرگىز ھەممىنى سىۋار تاشلا.

1982 - يىل يانۋار، قەشقەر.

ئادەمدىكى ھوشيارلىق، چىرايدىنمۇ قىممەت ئۇ،
تۇيغۇسىز ئىكەن ئادەم، سىمدىكى سورەت ئۇ،
يار بولسا چىچەن بولسا، جان - تېنىڭگە قۇۋۋەت ئۇ،
كالۋىڭى قۇرۇپ كەتسۇن، ھەر قەدەمدە كۈلپەت ئۇ،
دوست تۇتقاندا دانا تۇت، بولمىسا ھوشيار، تاشلا!

×

بىرنى مەن دىسەم سولۇق، ئاندىن چىقتى كوپ قۇۋلۇق...
دوستلۇقتىن زىرىكتۇردى، دوستۇمدىكى مەتۈلۇق؛
ياقمىدىم نىگارلارغا قانچە ماڭسا پالتۇلۇق،
مەيلى بولسا قەشقەرلىك، مەيلى بولسا ئاقسۇلۇق...
سالما سالمىنى دوست دەپ گەدىنىڭگە دار، تاشلا!

×

دوستىنىڭ كوپلۈگى ياخشى، خەلق ئىچىدە باردۇر گەپ:
مىڭىڭ مىڭغا يەتكۈنچە، دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن دەپ.
دۈشمىنىڭگە زەربەڭ شۇ، ئامما بىرلە بولغىن ئەپ...
كەتمىگىن ئېرىپ ئەمما، كىم ھىجايسا قول تەگلەپ،
ئەيلە ئىمتىھان دوستنى، بولسا قەلبى تار، تاشلا!

×

دوستى جىق بولۇر دەيدۇ، بەزى ئامما ئەخمەقنىڭ،
ناللاپ تۇتمىغان دوستقا، شۇ، تەنبى سىدور خەقنىڭ؛

يۇرت ۋە ئەل روناق تاپار ھەرقايسى مىللەت زېھنىدىن...
كىم بۇنىڭدىن پايدىلانسا، كىشىنىڭ داناسى ئۇ.

قىلسا كىم يۇرتنى ياسانغان قىز - يىگىتتەك ھېيت ئۈچۈن،
راست بولۇر ھەر چاغ، ۋەتەن مىللەت دېگەن دەۋاسى ئۇ.

ئىش دېسە باش قاشلىسا، جىدەل دېسە، ئۇ، باشلىسا...
ئېيتسا ھەم مىللەت، ۋەتەن... ئەلۋەتتە ئادەم جاسى ئۇ.

بى مەھەل ئۇلگەن خورازدەك، قىچقىرىشتىن بىمەھەل...
بى مەھەل مىللى جىدەل ئويلار كوڭۇل ئەماسى ئۇ.

مىللى دوستلۇق گۈلى كۈلسە، ئېچىلار كوڭلۇم گۈلى...
قوزغىلار مىللى پاساتتىن دەل بېشىم سەپراسى ئۇ.

پىكرى قىلغىن يىگىتچە، داشقال قاراشنى تاشلىۋەت!
پىكرى قىلماق كونىچە، كونا ئەسىر مىراسى ئۇ.

ئىتتىپاقسىزلىق كىرىدىن نەپ ئالار ھەردەم رەقىپ...
ياۋغا ئەڭ سەگەك كىشىنىڭ ئىتتىپاق — ئوقياسى ئۇ.

كىمكى توپتىن ئايرىلاركەن، شۇم قاراقچى يەنچىگەي...
ئېيتتى شۇ ھېكمەتنى ئەلنىڭ بۇلبۇلى گوياسى ئۇ.

## ئىتتىپاق — ئەلاسى ئۇ

ئىتتىپاق بىغىدا مۆلەر پىشار،
ئىختىلاپ تېغىدىن ۋەھشى ھەم قاچار.

ئابدىقادىر داموللا ئاتۇشى

بارچە ئەخلاقنىڭ ئىچىدە، ئىتتىپاق ئەلاسى ئۇ،
ئىتتىپاقتا ھەممە مىللەت دوستلۇغى — رەناسى ئۇ.

ئوزئارا بىرلىك بولۇش، تەڭلىك بولۇش، ھورمەت بولۇش...
بۇ جاھاندا سويگىنىمنىڭ ھەممىدىن زىباسى ئۇ.

بۇ ۋەتەننى گۈل قىلىشقا كۈچ كېرەك، زامانىۋى...
بارچە مىللەت ئىتتىپاقى — كۈچ، قۇۋۋەت دەرياسى ئۇ.

يەرگە قانداق چۈشسە ئال، بىر ئەلگە شۇنداق ئىختىلاپ
ئىتتىپاقسىز ئوسمىگەي بىر شەخسى ھەم، ئەدناسى ئۇ.

قايتىدىن ئالەم ياراتماق بولمىغاي ھىچ كۈچ بىلەن،
بولسا بولغاي ئىتتىپاقتىن، مانا گەپ جەرراسى ئۇ.

## ئىنسان كىم؟

بولسا كىمدە ھەر قاچان ئىنسان ھېسسى، ئىنسان ئاشۇ،
ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ئەدەپ شۇ، مەرىپەت-ئىرپان ئاشۇ.

قىلسا ئىنسان، باشقا ئىنسانىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ،
بىز دېگەن ئىنسانىيەتلىك ھېسسىيات. ھەر ئان ئاشۇ،

ئۆزى ئۆيدىن كۆرمىگەننى، ئۆزگىگە كۆرمەس راۋا...
ھەر كۆڭۈلنى بىلسە كىم ئۆز كۆڭلىدەك، جانان ئاشۇ.

ھەر نۇچۇك ئىنساننى بىلسە، ئۆزىدەك ئىنسان پۈتۈن،
ھەر نۇچۇك مىللەتنى كۆرسە ئۆزىدەك، ۋىجدان ئاشۇ.

كۆرسە ئۈستۈن ئۆز ئۆزىنى، باشقا مىللەتنى تۆۋەن...
كىم ئىكەن شۇ بىر كېسەلگە مۇپتىلا، ھايۋان ئاشۇ.

بار جاھاندا قانچە مىللەت، تىلى، رەڭگى قانچە خىل...
ئويلا تارىخى نەسەپتىن ھەممە بىر تۇققان ئاشۇ.

دوستلىرىڭغا ئۇلگە بول ئۇيغۇر هامان بىرلىكتە سەن!
ئىتتىپاق — "ئۇيغۇر" دېمەكتۇر، ئۇيىماق مەناسى ئۇ.

ئېركى بىل، بىرلىكتە بەخت — بىرلىكتە قۇت، بىرلىكتە كۈچ،
بول بۇ كۈندىن ئېتىۋارەن ئىتتىپاق شەيداسى ئۇ.

1982 - يىل فېۋرال، قەشقەر.

## ئەگەر قىز بىز دىگەن قىز بولسا

ياخشى يارنى يار تۇتساڭ ھەر كۈنىڭ باھار، دوستۇم.
ئىككى ياخشى بىر بولسا ئەشۇ بەخت يار دوستۇم،
كىم ھىجايسا يارىم دەپ چالمىغىن دۇتار دوستۇم،
يار دىگەن ھەقىقى بىر، تۇتما نەچچە يار دوستۇم،
مۇھەببەت ئەزىز نەرسە، ئۇنى قىلما خار دوستۇم.

×

قىز — ئايال دىگەن گوھەر، بىز دىگەن ئايال بولسا،
ئۆزى بولسا ئىپپەتلىك. سوزى بولسا بال بولسا،
مۇھەببەتتە "شىرىن" دەك داستان - ماقال بولسا،
يىگىت بولسا پەرھاتتەك مەقسىدى ھالال بولسا،
بۇنى ياز دىسەڭ يۈز توم قوللىرىم يازار دوستۇم.

×

قىز ئامانىسا ئوخشاش بولسا ئىلمۇ - ھىكمەتتە،
"نوزۇگۇم" كەبى بولسا زالىملەرگە نەپرەتتە،
"رابىيە" كەبى بولسا جىنىڭ "پىدا" مۇھەببەتتە،
ئىنقىلاپتا "رىزۋان" دەك جەڭگە چىقسا غەيرەتتە،
ئەخلاق بىرلە شۇنداق قىز - يىگىتتىن ئاشار دوستۇم.

×

مېھنەت دىسە دەس تۇرسا، قولغا ئالسا كەتمەننى،
يىگىت بىرلە تەڭ ئىشلەپ دات دىگۈزسە سويگەننى...
يۈز بو ياشنى سەل قويسا ئىگە للسە ھەر پەننى،

قاشلىما قىچىشمىغان جايىڭ بولۇر قاشلاپ زىدە...
بى ئۇرۇن ئاچچىقلىغاننى كىم دىگەي پالۋان ئاشۇ؟!

ياخشى كورمەكلىك كىشىگە، ملىلەتنى ياخشى ئىش...
بۇ نىقاپ بىرلە بولەكنى خورلىغان شەيتان ئاشۇ.

ئوز ئىلىكنى ياخشى كورسەڭ، باشقىنى كورمە يامان!
كىمكى بۇ مەنتىقنى بىلمەس تازا دوت، نادان ئاشۇ.

بول دىسەڭ كەمتەر بولەكنى، غادىيىپ ئەمما ئوزەڭ،
سەن ئوزەڭ ئىنسان ئەمەس، ھەر بىر سوزۈڭ يالغان ئاشۇ.

كەڭ قوساقلىق باشقا مىللەتلەرگە ئىنسانى قىلىق...
كىم بىلەر بۇ ئىشنى، ئەخلاق مۇلكىگە سۇلتان ئاشۇ.

بولسا سەندە "ئىركى" گەر ئىنسانىيەتلەكتىن ئەسەر،
كۆيلە مىللەتلەرگە دوستلۇق، ھەممىدىن ئوبدان ئاشۇ.

1982 - يىل مارت، قەشقەر.

## ھەسەتخور توغرىسىدا!

(نەزمى ھىكايە ۋە ئۇنىڭ شەرھى)

شۇنداق بىر ھىكايە ئاڭلىغان ئىدىم،
ھەسەتخور خوشنىسى باي بولۇپ كەتمىش...
كورەلمەي ئۇ بۇنى... كۆندە مىڭ ئۆلۈپ،
ئاقىۋەت بىر ئۇلۇش قارارغا كەلمىش:

بېرىپتۇ مىڭ تىللا. دەپتۇ جاللاتقا:
«مېنىڭ بۇ كوزۇمنى قىلىچ بىرلە ئوي!
بۇ كوزۇم كورمىسۇن، مەن تۇرالمىدىم...
باي بولۇپ يەۋاتسا خوشنام كۆندە قوي.

مەن كورۇپ خوشنامنىڭ ياخشى كۈنىنى،
كۆندە مىڭ ئۆلگىچە پەقەت بىر ئولەي!
باشقىنىڭ رونقىنى ماڭا كورسىتىپ،
يۈرىكىم ئەزگەن بۇ، كوزۇمدىن كېچەي...»

ئاڭلىدىم بۇ گەپنى، كەلدى يادىمغا،
ھەسەتخور ئادەمدىن قانچە - قانچە تىپ.
بىر ئىشتا بىر ئادەم كۆلسە ئازراقلا،
ھۆنىگىدىن يۇرۇپتۇ ئەلەمگە پىتىپ،

ئايرىپ بىلسە دوست، دۈشمەن يەنە توغرا كۆيگەننى،
ياخشى بولسا ئەخلاقى ھەممىنى باسار دوستۇم.

شۇنداق قىز بىلەن ئىشلەپ، ئەمگەك قىلسا كىم ھارغاي؟!
شۇنداق قىز بىلەن جەڭگە، بەختلىك يىگىت بارغاي؛
شۇنداق قىز نەزەر سالسا، تاغنى ھەم يىگىت يارغاي...
شۇنداق قىز بىلەن ئۆسكەي يىگىت كۆڭلى ئۇ، قارىغاي...
شۇنداق قىز ئۈچۈن قەلبىڭ ئوت كەبى يانار دوستۇم.

قىلىقى گۈزەل بولماي، چىرايى گۈزەل بولسا.
دىللىرى بولۇپ ئەگرى، تىللىرى ھەسەل بولسا.
ياسىنىش ئۈچۈن مال دەپ، ئۆيگە لىق جىدەل بولسا.
كۈندە بىر سەگە كۈيگەك، تۇراقسىز كېسەل بولسا،
بولسا ھەم قىزىل بىر گۈل، بۇ كۆڭۈل يانار دوستۇم.

قىز دېمەك بولۇر پاكىز، پاكىزلىك دېمەككىم قىز.
ھەر قاچان مۇھەببەتتە پاكىز قىزنى تۇتقان بىز؛
ياشلىق ۋاقتى نازۇك گۈل، ياشلىق ۋاقتى ئۆتكەك تېز...
ساقلا ئابرويىڭنى، يىلان ماڭسا قالغاي ئىز.
نا خىلىڭنى تۇتساڭ يار باشلىرىڭ قايار دوستۇم.

قىز دېگەنگە ئالتۇن تاج ھايا بىرلە ئىپپەت ئۇ،
بۇ گۈزەل، ئىسىل گوھەر ناموس بىرلە قىممەت ئۇ.
خەلقىم ئەسلى ئەخلاقلىق، كۆڭلى ياخشى مىللەت ئۇ،
بۇنى قىلسا ھېس ياشلار، جەمىيەتكە زىننەت ئۇ،
بولسا زەررە داغ ئۇزدە، شۇ زامان يۇيار دوستۇم.

1982 - يىل ئاپرېل، قەشقەر.

بىرى دەر: چاۋاكتىن ٴۇچۇپتۇ ٴايگۇل،
كورىمىز تۇرمايدۇ دائىم ٴۇنى ساز...

بىرى دەر: (ٴۇ ٴوزى بولغاچقا پاكار)،
كورەلمەي، "ٴىگىز بوي — ھاماقەت كېلۇر..."
بىرى دەر: (ٴۇ ٴوزى بولغاچقا ٴۇزۇن)،
كورەلمەي، "پاكار، بوي— كاساپەت كېلۇر..."

بىرى دەر: ٴىتتىكنى شەپشەك، ٴوپكىسىز...
ٴەدەپلىك كەم سۆخەن بولسا، دوت دەيدۇ.
ھەسەتخور بۇرنى ٴۇ، ھاي دەپ تۇرمىسا،
ٴوڭ كوزى چەپ كوزنى كورەلمەي يەيدۇ.

ٴاشۇنداق ھېچكىمنى دىمەس ياخشى ٴۇ...
ھەسەتخور ٴالدىدا گۇزەل يۇزمۇ ٴەيىپ.
ھېچ بىركىم ھېچ نىمە چىرايلىق ٴەمەس،
ٴاگا بۇ بىر كېسەل، بۇ قىزىق بىر كەيىپ....

ٴاشۇنداق ھەسەت ٴۇ، ھەسەتخور ٴۇچۇن،
تەگىرىدىن بېرىلگەن پەقەت بىر جازا[1]،
ٴىچىدىن ٴورۇلۇپ، ٴۇ ھەسەت بىلەن،
يادايدۇ، قۇرۇيدۇ... تاپىدۇ قازا.

ٴاشۇنداق ٴادەمنى كورەلمەي ٴولۇش،
ھەسەتخور جاناپقا تەبى ھالدۇر...
زەر كىمخاپ كىيگەندە، كورمەس بولىدۇ،
بەدىنىگەك يىرتىلسا، كورىدۇ بالدۇر.

بىرى دەر: تۈنۈگۈن ئۇ، ئورۇق ئىدى،
بۈگۈن ئۇ، نىمانچە سەمرىپ كېتىدۇ؟
ئەجدادى كىيمىگەن ئىلۆك سارجىنى،
ئۇ كىيىپ نىمىشقا كوز - كوز ئېتىدۇ؟

بىرى دەر: ئۆتكەن يىل ئاشقا قەرزدار،
ھەسەنباي ئۇ، بۇ يىل كەتتى يوغىناپ...
يەر ئالدىم ھوددىگە. ئاش ئاشۇردۇم دەپ،
قارىسام قارىماي ماگار يورغىلاپ...

بىرى دەر: ئۇ تېخى باش ۋىراچ ئىمىش...
ئالدىمدا ئىككى پۇل ئانداق مىڭ ۋىراچ.
بىرى دەر: چاچ قويۇپ، كەيمىش كېپكە ئۇ،
كىيسەكمۇ ئالتۇن تاج... كەسپىڭ ساتىراچ

بىرى دەر: تېخى ئۇ، ئىشچى ئابلاجان،
مۇكاپات سوممىغا تېلېۋىزور ئاپتۇ...
خوشام يوق نەرسىكەن كورگۇم كەلمەيدۇ...
بىر قورچاق ئاگا چوڭ ئىش بولۇپ قاپتۇ.

بىرى دەر: ھالى چوڭ مۇختەرىنىڭ بۈگۈن،
تەنھەركەت بەيگىدە زەر مېدال ئېلىپ...
بىرى دەر: ھېچكىمگە گەپ بەرمەس تۇرغۇن...
ئىلغار دەپ سايلىساق تۈنۈگۈن كېلىپ.

بىرى دەر: شائىر دەپ شوھرەت ئاپتۇ نۇر،
قۇرۇق گەپ ھەممىسى... ئىمىنى سەن ياز.

# رۇبائىلار

## ئەدەبىيات

بۇ جاھان باغىدا بىر قۇش، بەلكى سۇمرۇغ ئەدەبىيات،
پەلسەپە باشتۇر ئۇنىڭغا، تىل دىگەن گويا قانات؛
يۈرىگى تارىخ ئۇنىڭكى، قۇيرۇغى قالىمىش ساۋات،
ئۇ، شۇلار بىرلە مۇقەددەس، ئۇ، شۇلار بىرلە ھايات.

## ماڭا شىرىن نەرسە

ماڭا شىرىن مىسلى شىرىن ئەڭ لىبىزىز ۋەتەن ـ ۋەتەن،
نىمە دۇنيادا ئەزىز، ئاندىن ئەزىز ۋەتەن ـ ۋەتەن،
قان توكۇلگەندۇر ساڭا، ئەجدات كومۇلگەندۇر ساڭا...
شۇ ئۇچۇن سەن موھتىرەم، قەدرىڭ ئىگىز ۋەتەن ـ ۋەتەن.

## ھايات مۇسى خىزمەت

تۇگىمەس ـ پۇتمەس ھاياتلىق، بىل ساڭا مىھنەت دىگەن،
دەل ھاياتنىڭ مۇسىدۇر ئىش دىگەن، خىزمەت دىگەن؛
نەرسىگە قويغاي باھا، جىسمىدىكى پەزلى بىلەن،
پەلگىلەنگەي "ئىش" بىلەن، ئادەمدىكى قىممەت دىگەن.

تاس قالدى تېپىشقا قويۇاشتىن قوسۇر،
ھەسەتخور ئايدىكى "داغ" نى ئىزلىدى؛
ھەسەتخور نۇر چۈشكەن يەرنى تاتىلاپ،
يوقالماي زەررە نۇر، كوپ ئەلەم يېدى...

ئوزىچە ئالەمنى ئالماس بىر پولغا،
بازاردا ئوزىنى يېرىم پول دىمەس.
باشقىنىڭ ئوتۇغى ھەسەتكە زەربە...
باشقىلار نۇرلانسا، بولۇر كۈنى تەس.

ھېچ شەيئى، ھېچ ئىنسان چىرايلىق ئەمەس،
ھەسەتخور ئالدىدا، سەۋنۇى - ھەسەت.
ياسالماس بىر ئوقۇر سامان تۇرغىدەك.
ھەسەتكە يۈز قەۋەت زەر بىنامۇ سەت.

×

سەپدىشىم كېتىۋەر، يولىڭدا ئۇدۇل!
ھەسەتخور ھەسەتكە ئولۇپ قالىدۇ...
يورۇقىنىڭ ئالدىدا شەپەرەڭ كەبى،
خاتىرجەم بول دوستۇم، ھەسەت چالىدۇ.

1982 - يىل ماي، قەشقەر.

سەرپ ئېتىلسۇن  ياخشى يولغا ياش كۈچۈڭ ۋە ياش مىڭەڭ...
ئەنە شاۋكەت، ئەنە دولەت، ئەنە سەۋلەت بۇ يىگىت!

## خەلق سېنى ياخشى كورسۇن دېسەڭ

ياخشى كورسۇن خەلق دىگەندە، ياخشى ئىش قىلماق كېرەك،
ياخشى بولغىن، تاكى قىلساڭ ياخشى كورمەكنى تىلەك؛
"ياخشى كوردى" دەپ چۈشەنمەس، ياخشى ئىش قىلماي تۇرۇپ،
ئوزىنى ئادەم تۇگۇل، ھەتتاكى بىر گالۋاڭ ئىشەك.

## بىر ئاغىنەم بار مېنىڭ

بىر "ئاغىنەم" بار مېنىڭ كورسەڭ ئاجايىپ سەۋلىتى،
پوستى رەڭگارەڭ يىلاندەك. بەكمۇ قالتىس ھەيۋىتى...
دەم "زىيالى" دەم ۋەتەنچى دەم ھاراقكەش، دەم سوپى...
تاچخاندەك ئاغزىدا كىيمەك گېپى، دوست غەيۋىتى.

## ياخشى ئىشلە ئومۇر ئاز

ياخشى ئىشلە ئومرى ئاز... ئۇخلاپ تۈگەتسەڭ بولمىغاي،
غەم بىلەن ئەخمەق بولۇپ كوڭلۇڭنى ئەزسەڭ بولمىغاي...
ياز چېغىڭدا! بىل ياشاشنى، كەلسە ئومرۇڭنىڭ قىشى،
سەر تاراشقا سەن ئوزەڭ قانداق تۈزەتسەڭ... بولمىغاي.

## ھور پىكرى قىل

ئەي خالايىق ھور پىكىر قىل، ئەقلى قۇلىپىنى ئېچىپ،
ئەجرى قىل بىلمەككە ئالەم، يۇرمە بارغا ئەگىشىپ...
تۇنۇگۇن كىم پىكرى قىلمىش، تۇنۇگۇننىڭ پىكرى ئۇ،
سەن بۇگۇنچە پىكرى قىلغىن، مەئىرىپەتتىن نۇر چېچىپ.

## سوز ۋە ئەمەل

ئەي قولۇم! سەن خەلققە خىزمەت، توغرى ئىيىت قىلدىڭمۇ يوق؟
ئەي پۇتۇم! سەن خەلق يولىدا توغرا ئىيىت ماگدىڭمۇ يوق؟
سوزلىرىڭ بۇ ھەققە بولدى خۇددى كوكنى يارغۇدەك...
ئەي تىلىم! ئىيتقان سوزۇڭنىڭ ئەھدىدىن چىقتىڭمۇ يوق؟

## ئىسىللىق نىمە

بىرىنى ئىيىتتى «ئىسىل» دەپ، بىرسى «باي ئەۋلادى» مىش،
بەزىلەر «تېگى ئىسىل» دەپ، ئەسلى پۇلدارنىدەيمىش...
ياق ئىسىللىق خىسلىتى — ئادەمدە پۇلدارلىق ئەمەس،
چىڭ ئىسىللىق ئادىمگدە ياخشى ئەخلاق، ياخشى ئىش.

## ياخشى پۇرسەت بۇ يىگىت

تاكى بىر كۈن بىر ئۇلۇم بار... زادى قىسمەت بۇ يىگىت!
ئەلگە بىر ئىش تۇھپە قىلغىن، ياخشى پۇرسەت بۇ يىگىت!

ياللىنىپ مېھنەتكە چومدۇم، گەرچە ئەللىك ياش تېنىم،
قالدى پۇت - قول، ئۈنى سەزدىم بەكمۇ راھەت جان ئۈچۈن.

### ئەلگە قۇربان ئەتكۈلۈك

بۇ جاھانغا كەلدى كىم، ئاخىر بۇ يەردىن كەتكۈلۈك،
بولسا ئىدرەك بولسا كۈچ... دەل جايىدا ئىشلەتكۈلۈك،
ئاسرىغان تاتلىق جېنىڭنى، جان خۇمادىن ھەم چىقار،
"تومپە" قىلماستىن كېسەلگە، ئەلگە قۇربان ئەتكۈلۈك.

### ئەڭ ياخشى يولداش

ھەممە يولداشتىن ساڭا، "ئەمگەك" دىگەن يولداش تۈزۈك،
ھەممە ئاشلاردىن ساڭا، ئەمگەكتە يىگەن ئاش تۈزۈك.
خۇمسىغا مۇھتاج بولۇشتەك سەت ھاقارەتتىن كورە،
دۇمبىدىن قان چىقىرىپ، تاشلىقتا يۈتكەن تاش تۈزۈك.

### ئىش كىشىنىڭ ئەينىگى

باقما ھەرگىز لاپۇ - قاپقا، شەخسنى بىلمەك ئۈچۈن،
كىرمىسۇندىن ھەم چىقار، تەكرارلىغان ئۇ، ياخشى ئۇن...
ئىش كىشىنىڭ ئەينىگى، ئىشتىن چۈشەن مەزمۇننى،
كىملىگىگە شەخسنىڭ ئىش - ھەركىتى ۋەكىل بۇ تۇن.

### ئەگەر كۈچۈم يەتسە

بولسا كۈچ مەندە، ياراتسام بىر گۈزەل دۇنيا ئۆزى،
چىقسا راستلىقتىن تىلى، بىر بولسا ئىش بىرلە سوزى...
پۇل تالاشقاق، يەر تالاشقاق ئۇ، ئۇرۇشقاق بولمىسا،
بولسا ھەققانى يۈزى، بولسا ئادالەتلىك كوزى.

### خوشام يوق نەرسە

ھەممىدىن بەكرەك خوشام يوق ئىش — ئەمەلسىز لاپ بىلەن،
جەمىيەتكە مېھنىتى يوق ئۆمرى ئۆتكەن تاپ بىلەن...
ماگا ئۇ، ئادەم ئەمەس، يوقتۇر تۇراقلىق مەسلىگى،
ھەممىدىن بەكرەك خوشام يوق، ھەر شامالغا باپ بىلەن.

### ئەقىللىق كىشى ئىشلەر ۋە چىشلەر

شۇم ئەجەلنىڭ شاملى، بىر كۈن سېنى ئۇ، ئەپكېتەر،
ئىشقا سالغىن شۇ قولۇڭنى! گوردا تۇپراق يەپكېتەر...
كىم ئەقىللىق ئاز ئۇمۇردە ئىشلىگەي ۋە چىشلىگەي...
ئۆمرىدىن چىن پايدىلانغاي. گېپى بولسا دەپ كېتەر.

### زور جىنايەتتۇر خوشامەت

يالۋۇرۇشتىن خومسىلارغا ياخشى ئۆلمەك نان ئۈچۈن،
زور جىنايەتتۇر خوشامەت بىر يىگىت ئىنسان ئۈچۈن...

## ئەي قەلەم!

ئەككىمىز كەل ئېيتىشايلى بىللە ئەسرار ئەي قەلەم!
ئۇيقۇدىن دۇنيانى بىز ئەيلەيلى بىدار ئەي قەلەم!
ئىچ سىرىمنى ساڭا ئېيتتىم، كوپ ئىشەندىم مەن ساڭا،
كەلگۈسىنى يۇرىگىمدىن قىل خەۋەردار ئەي قەلەم!

×

سىلىساڭ ئۇخلايدۇ نادان چىمدىغىن، سەن ئەي قەلەم!
تا نادان ئويغانمىغۇنچە، تىنمىغىن سەن ئەي قەلەم!
بىر تىنىمسىز يازغۇچىڭمەن... ماڭا دوست بولساڭ ئەگەر،
يوق خوشام سۆلھى سالانى قىلمىغىن سەن ئەي قەلەم!

×

پىكرى دەرياسى ئارامەن بىرلە چوڭقۇر چوك قەلەم!
مىڭ ئەسىردىن ئاشقىدەك خەلقىمگە گوھەر توك قەلەم!
ئاچمىدى ھېچكىم يېتەرلىك ئۇ، ھەقىقەت قوينىنى.
ئاچ ئۇنى شۇنداق گۈزەل پۈرسەتكە يەتتۇق ئەي قەلەم!

ئوق دىسە ئالغا يۈگۈردۈڭ يانمىدىڭ سەن ئەي قەلەم،
بارىكاللا ئوز ئىبلىگىدىن تانمىدىڭ سەن ئەي قەلەم.
ئوتقا كىردىڭ، سۇغا كىردىڭ، ئىزلىدىڭ ئەركىن ھايات
قانمىدىڭ ھەرگىز كۈرەشكە. قانمىدىڭ سەن ئەي قەلەم!

1982 - يىل ئوكتەبىر، قەشقەر.

## ئۆزەمگە ئېيتىمەن

شېئىرىيەت ئۇ، كاتتا بىر پەن، دىل يورۇتقۇچ ئاپتاپ،
قويسا بولماس مەنىسىزلا، كاپنى كاپقا توغرىلاپ...
ئۆزى گويا سايرىماقتا، سۆزى يۈرگەن گاڭگىراپ،
"ئېركى" بۇ ھالىڭغا باقماي، ئۇرما شائىرلىقتا لاپ.

1982 - يىل ماي، قەشقەر.

## تۈزىتىش

96 - بەت تۇۋەندىن 3 - قۇردىكى "قىزىق" دىگەن سۆزنى "قىزلىق" دەپ، 97 - بەت تۇۋەندىن 4 - قۇردىكى "ئەر - ئايال" دىگەن سۆزنى "ئەدىيال" دەپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

布谷鸟与春天（诗集）

努尔买买提儿克著　责任编辑阿不里米提阿吉

喀什维吾尔文出版社出版

新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷

787×1092毫米32开本　印张：5.375

1982年7月第1版　1983年5月第1次印刷

印数：1——5000

统一书号：M10264·20　定价：0.28元